ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە كەسپىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# سەرخۇش ئىنگلىز تىلى

# Happy English

(1 - قىسىم)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

سەرخۇش ئىنگلىز تىلى

(1 - قىسىم)

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتاب.

1. نۇرغۇن يېڭىچە، ئاكتىپ سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇلى كىرگۈزۈلگەن.

① قاپىيىداش سۆز: (مۈشۈك) cat، (سېمىز) fat، (شەپكە) hat

② ئورتاق سۆز: (كۇلۇب) club، (رادىئو) radio، (دراما) drama

③ يىلتىزداش سۆز: work→worker, workshop, workmate

④ ئوڭ - تەتۈرسىگە ئوقۇسا (تور) net، (ئالۋاستى) evil
يېڭى مەنە چىقىدىغان سۆز: (ئون) ten، (ياشىماق) live

⑤ ھەجۋىي سۆز: (ئەگرى - كەلتە، يېزا ئىگىلىكى) agriculture، (سەپرايىز، ھەيران قالماق) surprise

⑥ تۈر سۆزلەر: (رەڭ ناملىرى) blak, white, green, blue, red

⑦ مەنىداش سۆز ⑧ قارىمۇقارشى سۆز

2. گرامماتىكا ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن ئاممىباب شەرھلەنگەن.

3. ھېسام چاقچاقلىرى، دۇنياۋى نادىر ناخشىلار كىرگۈزۈلگەن.

4. تېكىستكە قىزىقارلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر مەزمۇنلار تاللانغان.

5. ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ يوللىرى، ھېكمەتلەر، مەسلىھەت - تەكلىپلەر بېرىلگەن.

6. مەشىق دۆلەتلىك 4 -، 6 - دەرىجىلىك ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بېرىلگەن.

7. سۆزلۈك كۆپ، تۆت قىسىم كىتابتا 7000 غا يېقىن سۆز دەۋرى ھالدا قايتىلىنىپ، ئۆگەنگۈچىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

8. تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە، ئۆگەنگۈچىلەرگە ئازادىلىك بېغىشلايدۇ، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك.

ISBN 7-5370-4699-9

9 787537 046992 >

ئوتتۇرا تېخنىكۇم، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەسپىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# سەرخۇش ئىنگلىز تىلى

1- قىسىم

تۈزگۈچى: زۇلپىقار بارات ئۆزباش

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
快乐英语. 1/祖力菲卡尔·巴拉提编. —乌鲁木齐:
新疆教育出版社, 2014.12
ISBN 7—5370—4699—9
Ⅰ.快… Ⅱ.祖… Ⅲ.英语—教材 Ⅳ.H31
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 073753 号

责任编辑:古丽巴哈尔·努尔顿
责任校对:热依拉·阿布来提
封面设计:艾克拜尔·萨里

# 快乐英语（第一册）

（英语教材）

祖力菲卡尔·巴拉提

新疆教育出版社出版
新疆新华书店发行 新疆思源印务公司
开本 850×1168 1/32 印张 10.5
2014 年12月第1版 2014 年12月 1 次印刷
印数:1—3000
ISBN 7—5370—4699—9

G·1602（维课） 定价 17.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىشىك چېكىلمەكتە، سەن كىم؟

(بېغىشلىما ئورنىدا)

## ئابدۇقادىر جالالىدىن

سىرتقى دۇنيا بىزنىڭ ئىشىكىمىزنىمۇ چەكمەكتە، تەشەببۇسكار قوللار بىزگە سۇنۇلماقتا، تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن يىپەك يولىنىڭ زامانىمىزغا خاس بىر سۈبھىسى كۆرۈنمەكتە. بىز داۋاملىق تۇردە گاڭگىراپ يۈرمەسلىكىمىز ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خۇلقى - مىجەزىنى پائال بىر پوزىتسىيىدە بىلىشىمىزگە توغرا كەلدى. زامانىمىزدىكى مەدەنىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي قۇۋۋەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بىزنىڭ تاللىشىمىز ھەم مەجبۇرىيىتىمىز. ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچبىر ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

بىز نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ يۈزلىنىشتە ئۆزىمىزنى يۈتتۈرۈپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ تىلىنى دەل شۇ باشقىلارغا ئايلىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆگىنىشىمىز، بۇ ئارقىلىق يېڭى ئۆزىمىزگە ئايلىنىشىمىز كېرەك.

زۇلپىقار بارات تۈزگەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ سىرتىدىكى ئاۋام كۆپچىلىكنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىغا بولغان سەممىمىي ئىنتىلىشلىرىنىڭ بىر ئەينىكى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە توپلانغان تەجرىبىلىرىنىڭ بىر يەكۈنىكى، ئۇنىڭدا زۇلپىقارنىڭ چەت ئەل تىلى مائارىپىغا بولغان ئىخلاسى، قېرىنداشلىرىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى، تۇرلۇك ئىجتىمائىي خىرىسلارغا بولغان سەزگۈسى ئەكس ئېتىدۇ. زۇلپىقار دەرسلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇر ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سەۋىيىسى، پسىخىكىسى ۋە تەلىپىگە لايىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇيغۇر پسىخىكىسى داۋاملىق رەۋىشتىكى ئۆلۈك رىتىمنى ئەمەس، ئۆزگىرىشچان، دولقۇنلۇق، كۆتۈرەڭگۈ رىتىمنى ياخشى

كۆرىدۇ. بۇ رىتىمغا ياندىشىش ئۈچۈن زۇلپىقار بارلىت نۇرغۇن تىل ھەۋەسكارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ دەرسلىكنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنى ئۇيغۇر چەت ئەل تىلى مائارىپىدىكى تەلتۆكۈس نامايەندە دېمەكچى ئەمەسمىز. لېكىن، بۇ كىتابنىڭ مىللىي ئۆگىنىش مۇھىتىغا باپ كېلىشتە ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر تىلى يەشمىسىدىكى ئىنگلىز تىلى دەرسلىكلىرى ئىچىدە ئىزدىنىش روھىغا ئەڭ باي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

چەت ئەل تىلى مائارىپى— ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. نۆۋەتتە چوقۇم ئۆزىمىز تۈزگەن ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىغا ماس كەلگەن، مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەن ھەرخىل شەكىلدىكى دەرسلىكلەر بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە خەلق ئىچىدىكى چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۇلار ئاچقان ئىشتىن سىرتقى كۇرسلارنىڭ رولى خېلىلا چوڭ بولدى. ئۇلار بىزدىكى ئۈمىدلىك قوشۇن.

ئاخىرىدا بىر ئىنگلىزچە تېكىستنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. بۇ تېكىستنى بىر ئۇيغۇر تور بېكىتىدىن كۆرۈپ، خاتىرەمگە كۆچۈرىۋالغانىدىم. تېكىستتە ئانا تىلىمىز بىلەن باشقا تىللارنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئاشۇ نامەلۇم قەلەم ئىگىسىگە تەشەككۈر ھېسسىياتىم قوزغالغانىدى:

## Language for me

Uyghur language makes me feel unique, I use it to express my thought and love…

Chinese language makes me feel urgent, I use it to make my living and survive…

Arabic makes me to be touched deep in my heart, I use it to clean my soul…

Well, English makes me feel hope. I use it for better life and

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

better opportunity…

( تەرجىمىسى:

ئۇيغۇر تىلى ماڭا تەڭداشسىزلىق بېغىشلايدۇ، مەن ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئوي - پىكىرلىرىمنى ۋە مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەيمەن …

خەنزۇ تىلى ماڭا جىددىيلىك ھېس قىلدۇرىدۇ، مەن ئۇ ئارقىلىق ياشايمەن ۋە تىرىكچىلىك قىلىمەن…

ئەرەب تىلى ماڭا قەلبىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، مەن ئۇ ئارقىلىق روھىمنى پاكلايمەن …

خوش، ئىنگلىز تىلى مېنى ئۈمىدۋار قىلىدۇ، مەن ئۇ ئارقىلىق ياخشى تۇرمۇش ۋە ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشەلەيمەن… )

چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئەنئەنە. بۇ ئەنئەنە پەقەت ئۆزىنى ياخشى تونۇغان ۋە تونۇتقان ئەۋلادلارنىڭ قولىدا نۇر چاچىدۇ.

ئانا تىلىمىزنىڭ قۇدرىتى ئۈچۈن چەت ئەل تىلى ئۆگىنەيلى!

2003- يىلى 5- ئىيۇل. ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

بېغىشلىما ئورنىدا ............ ئابدۇقادىر جالالىدىن 1
تۈزگۈچىدىن ............ 4
دەرسلىكنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ............ 1
مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ ۋە بەلگىلەر ھەققىدە ئىزاھات ............ 3
بۇ دەرسلىكنى ئۆتكۈچىلەرگە تەكلىپ ............ 4
ئىنگلىز تىلى ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات ............ 6
فونېتىكا ............ 18
ئىنگلىز تىلى فونېتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بىلىملەر ... 38
تاۋۇش ئويۇنلىرى ............ 40
**بىرىنچى دەرس** **Unit 1** ............ 1
دىئالوگ: سالاملىشىش Greetings ............ 4
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر ............ 9
كۆڭۈل سوۋغىسى: غەم قىلما (قىسقا شېئىر) ... Don't worry 13
تېكىست: بىزنىڭ ئائىلىمىز ............ Our Family 15
گراماتىكا: ............ Grammar 16
تەلەپ: ............ Demand 22
مەشىق: ............ Exercises 23
ئاڭلاپ چۈشىنىش: ............ Listening Comprehension 28
ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت: ............ Reminds and Adages 29
ئوقۇپ چۈشىنىش: ............ Reading Comprehension 30
**ئىككىنچى دەرس** **Unit 2** ............ 31
دىئالوگ: سوراش ............ Asking 34
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر ............ 38
كۆڭۈل سوۋغىسى: ھايات (قىسقا شېئىر) ............ Life 42

42 A Student's Statement About Himself …………: تېكىست
44 Grammar ………………………………………… گراماتىكا:
51 Demand …………………………………………… تەلەپ:
52 Exercises ………………………………………… مەشىق:
55 Listening Comprehension ………………… ئاڭلاپ چۈشىنىش:
56 Reminds and Adages ……………… ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
57 Reading Comprehension ………………… ئوقۇپ چۈشىنىش:
58 **Unit 3** ……………………………………… **ئۈچىنچى دەرس**
60 ……………………………………… دىئالوگ: تونۇشۇش
سۆز گۆلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
61 ……………………… ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۈر سۆزلەر
……………………………………………… كۆڭۈل سوۋغىسى:
63 One Thing at a Time ………………… بىر ۋاقىتتا بىر ئىش
65 One Day of Mine ……………… تېكىست: مېنىڭ بىر كۈنۈم
67 Grammar ………………………………………… گراماتىكا:
73 Demand …………………………………………… تەلەپ:
74 Exercises ………………………………………… مەشىق:
77 Listening Comprehension ………………… ئاڭلاپ چۈشىنىش:
78 Reminds and Adages ……………… ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
78 Reading Comprehension ………………… ئوقۇپ چۈشىنىش:
79 **Unit 4** ……………………………………… **تۆتىنچى دەرس**
……………………………………………………… دىئالوگ:
81 Thanks and Apologies … رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراش
سۆز گۆلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
83 ……………………… ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۈر سۆزلەر
……………………………………………… كۆڭۈل سوۋغىسى:
87 It Can't Be Done ……… بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ
88 An American Driver ……… تېكىست: ئامېرىكىلىق شوپۇر
90 Grammar ………………………………………… گراماتىكا:
100 Demand …………………………………………… تەلەپ:

www.uyghurkitap.com

100 Exercises ...... مەشىق:
102 Listening Comprehension ...... ئاڭلاپ چۈشىنىش:
103 Reminds and Adages ...... ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
104 Reading Comprehension ...... ئوقۇپ چۈشىنىش:
105 **Unit 5** ...... **بەشىنچى دەرس**
107 Saying Good bye ...... دىئالوگ: خوشلىشىش
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
108 ...... ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۈر سۆزلەر
112 How Many ...... كۆڭۈل سوۋغىسى: قانچىلىك (قىسقا شېئىر)
113 A Girl Likes Writing ...... تېكىست: خەت يېزىشقا ئامراق قىز
114 Grammar ...... گىراماتىكا:
118 Demand ...... تەلەپ:
119 Exercises ...... مەشىق:
121 Listening Comprehension ...... ئاڭلاپ چۈشىنىش:
122 Reminds and Adages ...... ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
122 Reading Comprehension ...... ئوقۇپ چۈشىنىش:
123 **Unit 6** ...... **ئالتىنچى دەرس**
125 Asking the Way ...... دىئالوگ: يول سوراش
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
126 ...... ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۈر سۆزلەر
...... كۆڭۈل سوۋغىسى:
129 Tongue Twisters ...... تىل كۆندۈرۈش مەشىقلىرى
129 A Funny Boy ...... تېكىست: قىزىقچى بالا
130 Grammar ...... گىراماتىكا:
133 Demand ...... تەلەپ:
134 Exercises ...... مەشىق:
137 Listening Comprehension ...... ئاڭلاپ چۈشىنىش:
137 Reminds and Adages ...... ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
138 Reading Comprehension ...... ئوقۇپ چۈشىنىش:
139 **Unit 7** ...... **يەتتىنچى دەرس**

دىئالوگ: ئىلتىماس قىلىش ...... Requesting ...... 141
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر ...... 142
كۆڭۈل سوۋغىسى: تۆت پەسىل (شېئىر) ... Four Seasons 144
تېكىست: ئاپتوبۇستا ...... On the Bus 144
گراماتىكا: ...... Grammar 145
تەلەپ: ...... Demand 148
مەشىق: ...... Exercises 150
ئاڭلاپ چۈشىنىش: ...... Listening Comprehension 152
ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت: ...... Reminds and Adages 153
ئوقۇپ چۈشىنىش: ...... Reading Comprehension 153
سەككىزىنچى دەرس ...... **Unit 8** 154
دىئالوگ: تاماق يېيىش ...... Having Dinner 156
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر ...... 157
كۆڭۈل سوۋغىسى: ......
ئاق ئەتىرگۈل تېرىدىم (شېئىر) ... Cultivate a White Rose 160
تېكىست: قىزىقارلىق تەكلىپ ...... An Interesting Suggestion 161
گراماتىكا: ...... Grammar 162
تەلەپ: ...... Demand 164
مەشىق: ...... Exercises 165
ئاڭلاپ چۈشىنىش: ...... Listening Comprehension 167
ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت: ...... Reminds and Adages 168
ئوقۇپ چۈشىنىش: ...... Reading Comprehension 169
توققۇزىنچى دەرس ...... **Unit 9** 171
دىئالوگ: ......
ھاۋا توغرىلىق پاراڭلىشىش ... Talking about the Weather 172
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر ...... 173
كۆڭۈل سوۋغىسى: ......

176 An Awkward Situation ········· ئوڭايسىز ئەھۋال (يۇمۇر)
177 Lazy Boy ································ تېكىست: ھورۇن بالا
177 Grammar ································ گراماتىكا:
181 Demand ································ تەلەپ:
182 Exercises ································ مەشىق:
184 Listening Comprehension ··············· ئاڭلاپ چۈشىنىش:
185 Reminds and Adages ··············· ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
186 Reading Comprehension ··············· ئوقۇپ چۈشىنىش:
187 **Unit 10** ································ **ئونىنچى دەرس**
189 Shopping ··············· دىئالوگ: نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
190 ··············· ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر
193 Gift ··············· كۆڭۈل سوۋغىسى: سوۋغا
194 A Misunderstanding ··············· تېكىست: ئۇقۇشماسلىق
195 Grammar ································ گراماتىكا:
197 Demand ································ تەلەپ:
198 Exercises ································ مەشىق:
201 Listening Comprehension ··············· ئاڭلاپ چۈشىنىش:
201 Reminds and Adages ··············· ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
202 Reading Comprehension ··············· ئوقۇپ چۈشىنىش:
203 **Unit 11** ································ **ئون بىرىنچى دەرس**
205 Talking About Study ··· دىئالوگ: ئۆگىنىش توغرىلىق پاراڭلىشىش
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
206 ··············· ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۇر سۆزلەر
208 The Merry May ··· (شېئىر) كۆڭۈل سوۋغىسى: مايدىكى شادلىق
209 ································ تېكىست:
210 Grammar ································ گراماتىكا:
213 Demand ································ تەلەپ:
214 Exercises ································ مەشىق:
216 Listening Comprehension ··············· ئاڭلاپ چۈشىنىش:

216 Reminds and Adages ……………… ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
217 Reading Comprehension ………………… ئوقۇپ چۈشىنىش:
218 Unit 12 ………………………………… ئون ئىككىنچى دەرس
220 Talking About Work … دىئالوگ: خىزمەت توغرىلىق پاراڭلىشىش
سۆز گۈلزارى: ① قاپىيىلىك سۆزلەر ② ئورتاق سۆزلەر
222 ……………………… ③ قارىمۇ قارشى سۆزلەر ④ تۈر سۆزلەر
225 In A Restaurant … (يۇمۇر) كۆڭۈل سوۋغىسى: رېستوراندا
226 A Mother of Ten Children … تېكىست: ئون بالىنىڭ ئانىسى
226 Grammar ……………………………… گراماتىكا:
228 Demand ……………………………………… تەلەپ:
229 Exercises ………………………………………… مەشىق:
231 Listening Comprehension ……………… ئاڭلاپ چۈشىنىش:
232 Reminds and Adages ……………… ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت:
233 Reading Comprehension ………………… ئوقۇپ چۈشىنىش:
قوشۇمچە I ئىنگلىز تىلىدىكى ھەرپلەر ۋە بىرىكمە ھەرپلەرنىڭ
234 …………………………………… ئوقۇلۇش قائىدىسى
241 ……………… قوشۇمچە II بۇ قىسىم دەرسلىكتىكى سۆزلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ئىنگلىز تىلىنىڭ مۇھىملىقى ئاللىبۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئېلىمىزنىڭ WTO غا كىرىشى، خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ 2008- يىلى جۇڭگودا ئېچىلىدىغانلىقى كىشىلەرگە بۇ تىلنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. نۇرغۇن تىل ھېرىسمەنلىرى خەنزۇ- تىلىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئاللىبۇرۇن دۇنياۋى تىللىق ئورنىنى تىكلەپ بولغان ئىنگلىز تىلىنى بەس- بەستە ئۆگىنىشكە كىرىشتى. جاي - جايلاردا كەچلىك، كۈندۈزلۈك كۇرسلار ئېچىلدى؛ ئوقۇغۇچىلارنى قارار بويىچە ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەر ۋە تەربىيىلەش ئورۇنلىرىمۇ قۇرۇلدى. بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئەھۋال. لېكىن، ئىنگلىز تىلى ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئانا تىلىدا تۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىغا ماس كېلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ ئاز بولۇشى بۇ ساھەدە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنىڭ كۆپلىكىنى يەنىلا ئىسپاتلاپ بەردى. خەنزۇ تىلى ئاساسى ياخشى ھېرىسمەنلەر ئىنگلىز تىلىنى يېڭى ئۆگەنگەندە «شۈيگوجاڭ ئىنگلىز تىلى» ، «فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز تىلى» ، «يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلى» قاتارلىق دەرسلىكلەرگە مۇراجىئەت قىلدى؛ خەنزۇ تىلىدىكى ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمەيدىغانلار بولسا دوكتور ھەكىمە ئەرشىدىن ھەدە تۈزگەن «ئىنگلىز تىلى» ، ئابلەت يۇسۇپ ئاكا تۈزگەن «ئىنگلىز تىلىدىن دەسلەپكى ئاساس» قاتارلىق دەرسلىكلەردىن ئىنگلىز تىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگەندى. يېقىنقى ئىككى- ئۈچ يىلدىن بۇيان «يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلى» نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە ئەنۋەر رەجەپ مۇئەللىم تۈزگەن «ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكىنىڭ نەشردىن چىقىشى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى يەنە بىر قېتىم تولدۇردى. گەرچە بۇ ھەقتە تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر خېلى كۆپەيگەن، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇزۇپ چىقالايدىغانلار، TOEFL ، GRE قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىمتىھانلاردىن

ۋە دۆلەتنىڭ 4-، 6- دەرىجىلىك ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلەيدىغانلار ساناقلىقلا بولىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئوقۇتۇش مېتودىمىزدا، ئۆگىنىش ئۇسۇلىمىزدا ئازدۇر - كۆپتۇر مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەلۋەتتە، دەرسلىكلەرنىڭ ئىلمىي تۈزۈلگەن - تۈزۈلمىگەنلىكىمۇ شۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مەن ئالىي مەكتەپتە جۇڭگو تىللىرى كەسپى بويىچە ئوقۇدۇم؛ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمە ۋە بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئوخشاشلىقلار ئۈستىدىمۇ خېلى ئۇزۇن ئىزدەندىم. كېيىن ئىنگلىز تىلىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگەندىم. ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى، ئوخشاشلىقلىرى ۋە پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق جايلاردا دەرس ئۆتۈپ، ئوغۇچىلار قىيىنلىدىغان جايلارنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈپ بەردىم. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەلمىگەن يەرلىرىنى ئوڭايلا ئاڭقىرىۋالدى. دەرس ئۆتۈش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئەڭ ئوڭاي، ئازادە ئۇسۇلدا ئۆتۈش، ئوقۇغۇچىلارغا پسىخىكىلىق بېسىم ھېس قىلدۇرماسلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىق پرىنسىپلارغا باشتىن - ئاخىر ئەمەل قىلدىم؛ كېيىن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» تەربىيىلەش ئورنىنى قۇردۇم. («سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» — خۇشاللىق ئىچىدە ئۆگىنىدىغان ئىنگلىز تىلى، دېگەن مەنىدە، «سەر» — ئەقلىي كامىللىق، «خۇش» — ھېسسىي شېرىنلىك.) ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلۇمغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىنكاسى ياخشى بولدى. شۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە 4 يىللىق جاپالىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەھلىل قىلىش ۋە تەييارلىق جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ناملىق دەرسلىك ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئۇنداق بولسا «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى»نىڭ ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى قەيەردە؟ مەن بۇ دەرسلىك ئارقىلىق قانداق نىشانغا يەتمەكچى بولدۇم؟

(ا) ئوقۇغۇچىلارغا بېسىم ھېس قىلدۇرماسلىق. ئۆگەنگۈچى مەلۇم نەرسىنى بىلسە ئۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. قىزىقىشنىڭ بولۇشى مۇھىم ھالقا. مەن دەرسلىكتە مۇشۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە

www.uyghurkitap.com

ئىرىشتىم. ② ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش. مۇشۇ نۇقتىغا يېتىش ئۈچۈن گرامماتىكىدىكى بەزى مۇھىم ھالقىلاردا، سۆز ئۆگىنىشتە ئۆزگىچىرەك يول تۇتتۇم. ③ سۆزنى ئاسانراق ئۇسۇلدا ئۆگىتىش. سۆزلۈك ـ ھەر قانداق بىر تىلنى ئۆگىنىشتە ئەڭ مۇھىم ھالقا. ھازىرغىچە تۈزۈلگەن ئىنگلىز تىلى دەرسلىكلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىق بار؛ يەنە كېلىپ سۆز ئاز. بۇ 4 قىسىم دەرسلىكتە 7000 دىن ئارتۇق سۆز دەۋرىيلىك ئۇسۇلدا، ئىلمىي بىر پرىنسىپ ئاساسىدا قايتىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ تۆت قىسىم دەرسلىكنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن دۆلەتلىك 4-، 6- دەرىجىلىك ئىنگلىزچە ئىمتىھانلاردا تەلەپ قىلىنىدىغان سۆزلۈك دائىرىسى نىشانىغا يېتەلەيدۇ. TOEFL قاتارلىق خەلقئارالىق ئىمتىھانلارنى بېرىشكە پۇختا ئاساس سالالايدۇ. ④ ئىنگلىز تىلىدىن باشقا بىلىملەرنىمۇ بېرىش. ئىنگلىز تىلى پەقەتلا بىر قورال. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. دەرسلىكنىڭ «ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت» قىسمىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان پايدىلىق مەسلىھەتلەر بېرىلدى.

مېنى ئىنگلىز تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىدىكى مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ھەيران قالدۇرىدۇ: بىرى، ئۆگىنىدىغانلار خېلى جىق، تىل ئۆگىنىشتە ئالاھىدىلىكىمىز بار تۇرۇقلۇق ئاخىرىغىچە ئېلىپ چىقىپ بىرەر كېرەكلىك ئىشلارنى قىلالايدىغانلارنىڭ ئازلىقى؛ يەنە بىرى، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ بۇ تىلنى ماھىيىتىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلارنىڭ، تەتقىق قىلىدىغانلارنىڭ ۋە يېتىلىۋېتىشنىڭ ئازلىقى. مېنىڭ بۇنداق ھەيرانلىقىمنىڭ سەۋەبى بار. قېرىنداش مىللەتلەردىن خەنزۇلار ئىنگلىز تىلىنى تەتقىق قىلىپ يېتىلگەنلەر ئۇستىدە ئىزدىنىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. بىزمۇ دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ پاسپورتى بولغان بۇ تىلنى ئۆگىنىشنىڭ، ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ئۇستىدە ئىزدىنىپ، يېتىلىق يارىتىشىمىز كېرەك.

مەن بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە نەشرىياتتىكى ۋە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى ساھەسىدىكى بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ قىزغىن ياردىمىگە،

قوللىنىشىغا ئېرىشتىم. بۇ يەردە ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. گەرچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولساممۇ، دەرسلىكتە «سەرخۇش» دېگەن سۆزنىڭ ئالاھىدىلىكى دېگەندەك گەۋدىلەنمىگەن ياكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ساقلانغان بولۇشى تەبىئىي. كەسىپداشلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك ھەققىدىكى تەكلىپ - پىكىر ۋە تەنقىدلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

زۇلپىقار بارات ئۆزباش
2003- يىل، ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دەرسلىكنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. 1- قىسىم كىتابتىكى ھەر بىر دەرس دىئالوگ، سۆزلۈك، تېكىست، كۆڭۈل سوۋغىسى، گراماتىكا ۋە جۈملە شەكلى، تەلەپ، ئاڭلاپ چۈشىنىش، ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت، ئوقۇپ چۈشىنىش قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپتى. 2- قىسىمدىن باشلاپ «مەدەنىيەت ئۆگىنىش»، «مەنىداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش»، «دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى» ۋە «سۆز ياساش قائىدىسى» قاتارلىق مەزمۇنلار قوشۇلدى.

① دىئالوگ قىسمىدا چەت ئەللىكلەر بىلەن كۆرۈشكەندە سۆزلىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تېمىلار بويىچە ئىنگلىز ئېغىز تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تىپىك جۈملىلەر بېرىلدى. مەسىلەن، «تونۇشۇش» دېگەن تېمىدىن ئۆزئارا تونۇشقاندىكى سۆز-جۈملىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

② سۆزلۈك قىسمىدا باشقا دەرسلەرگە قارىغاندا ئۆزگىچە رەك يول تۇتۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى سۆزلەرنى مەھكەم ئەستە ساقلىشى، ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا ئۆگىنىشى ئۈچۈن سۆز ئۆگىنىشنىڭ بىر قانچە ئاكتىپ ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلدى. ئۆگىنىدىغان سۆزلەر 1- قىسمىدا دىئالوگ، 2- قىسمىدىن باشلاپ تېكىست ئاساسىدا كېڭەيتىلدى.

③ تېكىستكە قىزىقارلىق، قاراتمىلىقى بار مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى ۋە مەشقىدە تېكىست مەزمۇنىغا ئائىت ئىنگلىزچە سوئاللار بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا بۇ سوئاللارنى سۆزلىشىش تېمىسى قىلىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزسە بولىدۇ.

④ گراماتىكا قىسمى ئىمكانقەدەر ئاممىباب چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىلدى. زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قىسىم گراماتىكىلىق ئۇقۇملار ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما شەكىلدە شەرھلەندى. مەزمۇنلار تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاساندىن تەسكە قاراپ رەتكە تىزىلدى. تۆت قىسىم كىتابتا ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسىنىڭ ئاساسىي

تەركىبلىرى بىر قەدەر تولۇق تېپىلىدۇ.

⑤ كۆڭۈل سوۋغىسى قىسمىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر قىسقا شېئىرلار، قىزىقارلىق يۇمۇرلار سېلىشتۇرما شەكلىدە بېرىلدى. 2- قىسمىدىن باشلاپ ھېسام چاقچاقلىرى، داڭلىق ئىنگلىزچە ناخشىلار، نادىر ئىنگلىزچە شېئىرلار قوشۇلدى.

⑥ تەلەپ قىسمىدا شۇ دەرسلىكتە پىششىق ئۆزلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدىغان مەزمۇنلار ۋە تىل ئۆگەنگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ھەققىدە ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2- قىسمىدىن باشلاپ قېتىلغان «مەدەنىيەت ئۆگىنىش» قىسمىدا ئامېرىكانلار، ئىنگلىزلارنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بېرىلدى.

⑦ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتلىك 4-، 6- دەرىجىلىك ئىنگلىزچە ئىمتىھان ۋە خەلقئارالىق ئىمتىھانلارنىڭ سوئال شەكلىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئاڭلاپ چۈشىنىش» ۋە «ئوقۇپ چۈشىنىش» قىسمى شۇ ئىمتىھانلار يۆنىلىشى بويىچە بېرىلدى. «ئوقۇپ چۈشىنىش» قىسمىغا يەنە دىئالوگ قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك باشقىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كىرگۈزۈلدى.

⑧ ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ مەشىقى بىر يەرگىلا بېرىلدى. دەرسخانىدا شۇ سائەتلىك دەرس تۈگىگەندىن كېيىن دەرسلىكنىڭ ئاخىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەشىق قىسمى ئىشلىنىپ ماڭسا بولىدۇ.

⑨ «ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت» قىسمىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ ياشاش ۋە ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدىغان قىسقا مۇھاكىمىلەر ھەمدە مەزمۇنلۇق ئەقلىيە سۆزلەر بېرىلدى.

⑩ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىدىغان جۈملىلەردە شۇ دەرستە ئۆتۈلگەن گرامماتىكىلىق مەزمۇنلار گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىلدى.

2. سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئەنگلىيە تەلەپپۇزىدا بېرىلدى. 2- قىسىم كىتابىنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ ئامېرىكا، ئەنگلىيە تەلەپپۇزىدا پەرقلىنىدىغان سۆزلەر سېلىشتۇرۇپ بېرىلدى.

3. دەرستە قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، دەرسنىڭ بېشىغا «ئاساسىي مەزمۇنى» دېگەن تارماق قېتىلدى.

www.uyghurkitap.com

4. پېنىلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «ماق، مەك» شەكلىدە ئېلىندى.

5. ئىنگلىز تىلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن «ئىنگلىز تىلى ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات» سوئال-جاۋاب شەكلىدە بېرىلدى.

6. فونېتىكا قىسمى دەرستىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7. سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى 1. قىسىم كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى.

8. دەرسلەرنىڭ كۆنۈل سوۋغىسى قىسمىدىكى شېئىرلار ئىنگلىزچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىندى.

## مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ ۋە بەلگىلەر ھەققىدە ئىزاھات

| | |
|---|---|
| adjective → adj. | سۈپەت |
| adverb → adv. | رەۋىش |
| article → art. | ئارتىكل (تاجسۆز) |
| conjunction → conj. | باغلىغۇچى |
| noun → n. | ئىسىم |
| numeral → num. | سان |
| plural → pl. | كۆپلۈك شەكلى (ئىسىمدا) |
| singular → sing. | بىرلىك شەكلى (ئىسىمدا) |
| pronoun → pro. | ئالماش |
| preposition → prep | ئالدى قوشۇلغۇچى (تىركەلمە) |
| somebody → sb. | مەلۇم ئادەم |
| something → sth. | مەلۇم ئىش |
| verb → v. | پېئىل |

# بۇ دەرسلىكنى ئۆتكۈچىلەرگە تەكلىپ

1. ھەر بىر دەرس 6 سائەتتىن 8 سائەتكىچە دەرس سائىتى ئۇچۇن تۈزۈلدى. مەشىق شۇ تارماقتىن كېيىن؛ ئىشلەنسىمۇ ياكى ئاخىرىدا بىراقلا ئىشلەنسىمۇ بولىدۇ. دەرس مەزمۇنىنى ئوقۇتقۇچى ئەھۋالغا قاراپ تەڭشىسە بولىدۇ. بىر قىسىم كىتابنى ئۈچ، تۆت ئايلىق سىنىپلاردا، كەچلىك كۇرسلاردا تۈگەتكىلى بولىدۇ.

2. ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئىمكانقەدەر جانلىق ئۆتۈشكە، ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ شۇ كۈنى ئۆزلىشىشىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان. بولۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئۆگىنىپ قويغاننىڭ ئۆزى ئۆزلەشتۈرگەنگە باراۋەر ئەمەس.

3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى، داددىللىقىنى، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بېرىلسە. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە ئۆتۈپ قويۇش كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلالمايدۇ. مۇمكىن بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىچە سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى تېپىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

4. ئوقۇتقۇچى دەرس تەييارلاش ۋە ئۆتۈشتە ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىشى لازىم، يەنى ئوقۇتقۇچىلار بىلىدۇ دەپ قارىغان بەزى نۇقتىلارنى ئوقۇغۇچىلار بىلمەسلىكى، بىلمەيدۇ دېگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلار بىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى پسىخولوگ بولمىسىمۇ، ئەمما تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە ماھىر، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «روھىي ئىنژېنىر» بولۇشى كېرەك.

5. «سۆز گۈلزارى» دىكى سۆزلەر ئىمكانقەدەر شۇ دەرس سائىتىدە جۈملە ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈلسە. بولمىسا ئوقۇغۇچى كېيىنكى دەرسلەرگە بارغاندا يېتىشەلمەي قالىدۇ. كېيىنكى دەرسلەردە بۇ سۆزلەرگە قايتا ئىزاھ بېرىلمەيدۇ. سۆزلۈكنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەر دەرس سائىتىدىن مەخسۇس

www.uyghurkitap.com

يېرىم سائەت ۋاقىت ئاجراتسىمۇ بولىدۇ.

6. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىشەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان گاس - گاچىلاردىن بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر قېتىملىق دەرستە سۆزلىشىشكە ۋاقىت ئاجرىتىشنى، ئۈنلۈك ئوقۇش بىلەن ئاڭلاپ يېزىشنى، مەشىقنى چوقۇم بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

دەرسلىكنى ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش جەھەتتە مەسلىھەت، تەكلىپكە موھتاجلار تۆۋەندىكى ئادرېس ۋە تېلېفون نومۇرى ئارقىلىق تۈزگۈچى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ:

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 108- نومۇر سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى    زۇلپىقار بارات ئۆزباش

تېلېفون: 2871118 ـ 0991 (سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى)
8339748، 7972112 ـ 0991 ( ئاپتونوم رايو نلۇق دۆلەت باج ئىدارىسىدىكى ئىشخانا)

# ئىنگلىز تىلى ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات

**1. ئىنگلىز تىلى قانداق تىل؟ ئۇ، قايسى تىل ئائىلىسىدىكى قايسى تىل گۇرۇپپىسى، قايسى تىل تارمىقىغا كىرىدۇ؟**

ئىنگلىز تىلى — سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش، ياسىلىش قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سىنتېتىك تىل. ئىنگلىز تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى گېرمان تىللىرى گۇرۇپپىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تارمىقىغا كىرىدۇ. ئىنگلىز تىلى بىلەن ئوخشاش تىل ئائىلىسى، ئوخشاش تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان چوڭ تىللاردىن يەنە گېرمان تىلى، گوللاند تىلى قاتارلىقلار بار. فرانسۇز، ئىسپان، ئىتالىيان، پورتۇگال تىللىرى مۇشۇ تىل سىستېمىسىنىڭ رومان تىللىرى گۇرۇپپىسىغا، رۇس تىلى مۇشۇ تىل سىستېمىسىنىڭ سلاۋيان تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە. بىزنىڭ دۆلەت تىلىمىز خەنزۇ تىلى خەنزۇ - تىبەت تىللىرى سىستېمىسىغا، ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل تارمىقىغا كىرىدۇ.

**2. ئىنگلىز تىلى قايسى دۆلەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ؟**

ھازىر ئاللىبۇرۇن خەلقئارالىق تىلغا ئايلانغان ئىنگلىز تىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىرلاندىيە، ھىندىستان، يامايكا، باھاما، ترىنىداد، پاپا گۋىنىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىككىنچى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**3. ئىنگلىز تىلىنىڭ تارىخىي باسقۇچىنى قانچە دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن؟**

بىرىنچى، يىراق قەدىمكى زامان ئىنگلىز تىلى. بۇ يىراق قەدىمكى زاماندىن 1150- يىلىغىچە بولغان دەۋردىكى ئىنگلىز تىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىنگلىز تىلى. بۇ، 1150- يىلىدىن 1500- يىلىغىچە بولغان دەۋردىكى ئىنگلىز تىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى،

هازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى. بۇ، 1500- يىلىدىن هازىرغىچە بولغان دەۋردىكى ئىنگلىز تىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە هازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇنىڭغا يىلدا نەچچە مىڭ سۆز قوشۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ ئەنئەنىۋى يىلتىزىدا، چىق ئۆزگىرىش بولمىدى. XVI- ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك يېتۈك ئەدىب شېكىسپىرنىڭ سونېتلىرىنى هازىرمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيمىز. هالبۇكى، بىز XV- ئەسىردە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنىشتە ئوبدانلا قىينىلىمىز. بۇ، ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دەۋرلىرىنى بۆلۈشتە پەرق بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**4. ئىنگلىز يېزىقى قانداق مەنبەلەردىن كەلگەن؟ هازىرقى ئىنگلىز يېزىقى قانچە هەرپتىن تەشكىل تاپقان؟**

ئىنگلىز يېزىقىنىڭ مەنبەسى ـ لاتىن يېزىقى، لاتىن يېزىقىنىڭ مەنبەسى ـ گرېك يېزىقى، گرېك يېزىقىنىڭ مەنبەسى قەدىمكى فىنىك (腓尼基) يېزىقى. (فىنىكلار قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا شەرق بويلىرىدا ياشىغان بىر مىللەت) هازىرقى ئىنگلىز يېزىقىدا 26 هەرپ بار. بۇ 26 هەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان تاۋۇش 48. بۇنىڭ ئىچىدە 20 سى سوزۇق تاۋۇش، 28 ى ئۈزۈك تاۋۇش.

**5. ئىنگلىز جانلىق تىلىدا تەلەپپۇز (فونېتىكىلىق) جەھەتتىن قانداق ئومۇمىي ئالاھىدىلىك بار؟**

ئىنگلىز تىلىدا تەلەپپۇز قائىدىلىرىنى بەك ئېنىق يىغىنچاقلاپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپ بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ: سوزۇق تاۋۇشلار سوزۇپ، تولۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. قىسقا سوزۇق تاۋۇش تېز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تىلنىڭ كېيىنگە قايرىلىش بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇناسىۋىتى بىر قەدەر زىچ بولغان سۆز بىرىكمىسى ياكى سۆزلەر توپى ئىچىدە، ئەگەر ئالدىنقى سۆز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى سۆز سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بولسا، بۇ ئىككى تاۋۇش كۆپىنچە هاللاردا ئۇلاپ ئوقۇلىدۇ (He has a sister). پارتلىغۇچى تاۋۇش ([p] [b] [t] [d]) تىن كېيىن

يەنە بىر پارتلىغۇچى تاۋۇش ياكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش (مەسىلەن، [tʃ]، [dʒ]) كەلسە، ئالدىدىكى پارتلىغۇچى تاۋۇش تەلەپپۇز ھالىتىگە ئۆتىدۇ. يۇ، پارتلىمايلا كېيىندىكى ئۈزۈك تاۋۇشقا ئالمىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنداق ھادىسە «تاۋۇشلارنىڭ چالا (يېرىم) پارتلىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «sit down» دىكى «t» تاۋۇشى يېرىم پارتلايدۇ. ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى قىسمى تۆۋەن ئىنتوناتسىيىدە (What's your name?)، ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرقى قىسمى يۇقىرى ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ (Do you study English?). كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە شۇ سۆزدىكى مەلۇم بىر بوغۇم باشقا بوغۇملارغا قارىغاندا قاتتىقراق ۋە كۈچلۈكرەك ئوقۇلىدۇ. تاق بوغۇملۇق سۆز يالغۇز ئوقۇلغاندا ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. بىر جۈملىدە بەزى سۆزلەر ئۇرغۇلۇق، بەزى سۆزلەر ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. ئىسىم، سۈپەت، سان، پېئىل، رەۋىش قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرى ئۇرغۇلۇق؛ ئارتىكل، ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە باغلىغۇچىلار ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. بىز ئۇزۇنراق بىر جۈملىنى مەنىسى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن بىر قانچە بۆلەككە بۆلىمىز؛ ھەر بىر بۆلەك بىر تاۋۇش توپى بولىدۇ. ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا بىر تاۋۇش توپىنى بىراقلا ئوقۇپ تۈگىتىمىز. بىر تاۋۇش توپى بىلەن يەنە بىر تاۋۇش توپى ئارىسىدا قىسقا تىنىش بولىدۇ.

## 6. ئىنگلىز تىلىدا جۈملىلەر چوڭ جەھەتتىن قانداق شەكىللەرگە ئىگە؟

ئىنگلىز تىلىدا جۈملە شەكلى كۆپ بولسىمۇ، بىز چوڭ جەھەتتىن ئۇنى مۇنداق بەش خىل شەكىلدە يىغىنچاقلىيالايمىز.

1) «ئىگە + خەۋەر» لىك جۈملە قۇرۇلمىسى:

I asked. — مەن سورىدىم.

2) «ئىگە + باغلامچى پېئىل + كېسىم خەۋەر» لىك جۈملە قۇرۇلمىسى:

I am asking. — مەن سوراۋاتىمەن.

I am a worker. — مەن ئىشچى.

3) «ئىگە + خەۋەر + تولدۇرغۇچى» لىك جۈملە قۇرۇلمىسى:

I asked a question. — مەن بىر سوئال سورىدىم.

4) «ئىگە + خەۋەر + ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى + بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى» لىق جۈملە قۇرۇلمىسى:

I asked the teacher a question.

مەن مۇئەللىمدىن بىر سوئال سورىدىم.

5) «ئىگە + خەۋەر + تولدۇرغۇچى + تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى» لىق جۈملە قۇرۇلمىسى

I asked him to be earnest.

مەن ئۇنىڭ ئەستايىدىل بولۇشىنى تەلەپ قىلدىم.

بۇ بەش خىل جۈملە قۇرۇلمىسى ئىنگلىز تىلىدىكى بارلىق جۈملە قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئاساسى. بۇ بەش خىل جۈملە شەكلىنى پىششىق بىلىۋالساق، ئۇنىڭ ھەرخىل ئۆزگىرىشلىك جۈملە شەكىللىرىنى چۈشىنىشتە زور ياردىمى تېگىدۇ.

**7. ئىنگلىز تىلىدا قانداق سۆز تۈركۈملىرى بار؟ ھەر قايسى سۆز تۈركۈمى ئومۇمىي جەھەتتىن قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟**

ئىنگلىز تىلىدا ئىسىم، ئارتىكل (تاجسۆز)، ئالماش، سان، سۈپەت، رەۋىش، پېئىل، تىركەلمە (ئالدى قوشۇلغۇچى)، باغلىغۇچى، ئۈندەش سۆز قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرى بار. قىسقىچە ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىسىم: بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى بار. (student, students) كۆپ ساندىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىسىمدىن كېيىن «s» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئاز بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ياساشتا قائىدىگە چۈشمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ماددىي ئىسىم، ئابستراكت ئىسىم، خاس ئىسىم، تۈرداش ئىسىم، سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم، سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم قاتارلىق تۈرلىرى بار. ئىسىمنىڭ ئىگىلىك شەكلى شۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئۈستۈنكى تەرپىگە بىر پەشلىك s قوشۇمچىسى (s' ...) نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ (ئالىمنىڭ Alim's). ئىسىم جۈملىدە ئىگە، كېيىن خەۋەر، تولدۇرغۇچى، تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى، ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ.

2) ئارتىكل (تاجسۆز): بۇ ئۇيغۇر تىلىدا يوق سۆز تۈركۈمى. ئۇ، ئىسىم ئالدىدا كېلىپ، ئىسىم كۆرسەتكەن ئادەم ياكى. شەيئىنى ئالاھىدە



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى

تەكىتلەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئىسىمنىڭ بىر خىل بەلگىسى. ئۇ، ئىسىمدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئارتىكلنىڭ ئېنىق ئارتىكل (the) ، ئېنىقسىز ئارتىكل (a ، an) نۆل ئارتىكل (ئىسىم ئالدىدا ھېچنېمە كەلمەيدىغان شەكلى) قاتارلىق تۈرلىرى بار. ئېنىق ئارتىكل ئالاھىدە شەيئى ياكى نەرسىنى تەكىتلەپ كەلگەندىن باشقا ئەھۋاللاردا ئۇيغۇرچىدىكى «بۇ، ھېلىقى، ئاشۇ، شۇ» دېگەندەك ئالماشلارغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئېنىقسىز ئارتىكل مەلۇم بىر شەيئى ياكى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرچىدىكى «بىر» دېگەن سۆزگە ئۇدۇل كېلىدۇ. ئارتىكلنىڭ ئىشلىتىلىشى كۆپ ھاللاردا قانۇنىيەتلىك بولسىمۇ، ئاز بىر قىسىم ئەھۋاللاردا قائىدىگە چۈشمەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئادەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

3) ئالماش: باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش شەكلى بار. كىشىلىك ئالماش (I, you) ، كۆرسىتىش ئالماش (this, that) ، ئۆزلۈك ئالماش (myself, yourself) ، مۇناسىۋەت ئالماش (that) ، سوراق ئالماش (what, which) ، ئېنىقسىز ئالماش (none, nothing) ، ئۆز ئارا ئالماش (each other) قاتارلىق تۈرلىرى بار. ئۆزلۈك ئالماش ئادەتتە تولدۇرغۇچى ۋە ئىزاھ بۆلەك بولىدۇ. ئېنىقسىز ئالماشنىڭ any بىلەن تۈزۈلگەن شەكىللىرى ئىنكار، سوئال جۈملىدە كېلىدۇ؛ some بىلەن تۈزۈلگەن شەكىللىرى تەستىق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

4) سان: ساناق سان ۋە دەرىجە سان دەپ ئىككى خىل ئاساسلىق تۈرى بار. جۈملىدە ئىگە، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ.

5) سۈپەت: سېلىشتۇرما ۋە ئاشۇرما دەرىجىسى بار. ئاساسلىقى جۈملىدە ھالەت، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولالايدۇ.

5) رەۋىش: سېلىشتۇرما ۋە ئاشۇرما دەرىجە شەكلى بار. ئاساسلىقى ھالەت، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولالايدۇ.

7) پېئىل: شەكىل جەھەتتىن پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى (work) ، ھازىرقى زامان تارماق شەكلى (working) ، ئۆتكەن زامان شەكلى (worked) ، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (worked) ، ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى (works) قاتارلىق بەش خىل شەكلى بار. پېئىلنىڭ ئەسلى

www.uyghurkitap.com

شەكلى. ① لۇغەتتە؛ ② كۆپىنچە ھاللاردا سوئال جۈملىدە (Do you work?)، ③ ئىنكار جۈملىدە (I don't work)، ④ بىر پېئىللىق بۇيرۇق جۈملىدە (Work, please)، ⑤ to دېگەن رەۋىشتىن كېيىن (I want to work)، ⑥ تۈسلۈك پېئىللاردىن كېيىن (I could work) قاتارلىق ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ. «-ing» قېتىلغان ھازىرقى زامان تارماق شەكلى بارلىق داۋاملاشقان زامانلاردا («-ۋاتماقتا، -ۋاتىدۇ، -ىپ يۈرگەنىدى، -ۋاتقان بولىدۇ» مەنىسىدە) ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ئاددىي ھازىر زامانلاردا، ئىگىسى «ئۇ، قاسىم، گۈلنۇر» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كەلگەن جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: (She works every day). پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئاددىي ئۆتكەن زاماندا ئىشلىتىلىدۇ: (She worked). ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ① پۈتكەن زامانلاردا (She has worked، I have worked، I had worked)؛ ② مەجھۇل جۈملىلەردە (The book was given) ئىشلىتىلىدۇ. پېئىللارنىڭ ياردەمچى پېئىل (do، will، shall، must، should)، باغلامچى پېئىل (be→is, are, am)، تۈسلۈك پېئىل (ought to، can، could)، ئىبارىلىك پېئىل (call in، call for)، ئۆتۈملۈك پېئىل (answer)، ئۆتۈمسىز پېئىل (reply)، ھېس - تۇيغۇ پېئىللىرى (feel، realize، think)، دەقىقىلىق پېئىللار (tap، knock) قاتارلىق تۈرلىرى بار. بۇ پېئىل تۈرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىشلىتىلىشى بار. پېئىللار ئاددىيلىق، داۋاملىشىش، پۈتۈش، داۋاملىشىپ پۈتۈش نۇقتىسىدىن 4 چوڭ زاماندا تۈرلىنىدۇ. بۇ تۆت چوڭ زامانىنىڭ ھەر بىرى ئۆتكەن، ھازىر، كەلگۈسى، ئۆتكەن كەلگۈسى نۇقتىسىدىن يەنە تۆتكە ئايرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار 16 زاماندا تۈرلىنەلەيدۇ. پېئىللارنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا خەۋەر بولالمايدىغان بىر قانچە چەكلىمىسىز تۈرى بار. ئۇلار: ئېنىقسىز شەكلى (to work)، ھەرىكەتنام شەكلى (working)، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (worked)، ھازىرقى زامان تارماق شەكلى (working) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. زور كۆپچىلىك پېئىللاردىن كېيىن ئۆتكەن زامان شەكلى ئۈچۈن («قىلدى، ئەتتى» مەنىسىدىكى) «-ed» قوشۇمچىسىنى قاتقىلى بولىدۇ (worked). بۇنداق پېئىللار قائىدىلىك پېئىللار دېيىلىدۇ. ئاز بىر قىسىم پېئىللاردىن كېيىن

ئۆتكەن زامان شەكلى ئۈچۈن «-ed» قوشۇمچىسىنى قانقىلى بولمايدۇ. بۇنداق پېئىللار قائىدىسىز پېئىللار دېيىلىدۇ (spoke، wrote قاتارلىقلار speak، write دېگەن پېئىللارنىڭ قائىدىگە چۈشمەيدىغان ئۆتكەن زامان شەكلى).

⑧ ئىركەلمە (ئالدى قوشۇلغۇچى): ئىسىم قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. (مەسىلەن، for، against قاتارلىقلار) ئىركەلمە ئىسىم، پېئىل، سۈپەت قاتارلىقلار بىلەن ئادەت خاراكتېرلىك بىرىكەلەيدۇ (مەسىلەن، for shame، for sale، for good دېگەندەك).

⑨ باغلىغۇچى: تاق سۆز بىلەن تاق سۆزنى، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسىنى، جۈملە بىلەن جۈملىنى ئۆزئارا باغلاش رولىغا ئىگە (مەسىلەن، and، however قاتارلىقلار).

⑩ ئۈندەش سۆز: ھېس - تۇيغۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆزى ئايرىم كېلىپ ئالاھىدە جۈملە ھاسىل قىلالايدۇ. (alas!، oh!) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى باشقا ئورۇنلىرىدا كېلىپ ئىزاھ خاراكتېرلىك ھالەت بولالايدۇ.

**8. ئىنگلىز تىلىدا قانداق جۈملە بۆلەكلىرى بار؟ ئۇلارنى نېمىلەر تەشكىل قىلالايدۇ؟**

1) ئىگە: ئىسىم، ئالماش، سان، پېئىلنىڭ to لىق شەكلى، «پېئىلنىڭ ing» قېتىلغان شەكلى ۋە بېقىندى جۈملىلەر ئىگە بولالايدۇ.

2) خەۋەر: ئىككى خىل تۈرى بار. بىرىنچى، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى، «s» قېتىلغان شەكلى، ئۆتكەن زامان شەكلى، ئۆتكەن زامان سۈپەتداش شەكلى خەۋەرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىككىنچى، «پېئىلنىڭ ing قېتىلغان شەكلى + كېسىم خەۋەر» شەكلىدە خەۋەر بولىدۇ.

3) ھالەت: ۋاقىت ئىسىملىرى، رەۋىش، سۈپەت، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى، ing لىق شەكلى، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى، ئىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى، بېقىندى جۈملە قاتارلىقلار ھالەت بولالايدۇ.

4) كېسىم خەۋەر: ئىسىم، ئالماش، سان، رەۋىش، سۈپەت، ئېنىقسىز شەكلى، پېئىلنىڭ ing لىق شەكلى، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى، ئىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى، بېقىندى جۈملە قاتارلىقلار كېسىم خەۋەر

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

5) تولدۇرغۇچى: (ئىگىنى تەشكىل قىلغانلار بىلەن ئوخشاش)

6) ئېنىقلىغۇچى: ئىسىم، ئارتكىل، ئالماش، سۈپەت، رەۋىش، سان، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى، ing لىق شەكلى، ئۆتكەن زامان ئارماق شەكلى، تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى، بېقىندى جۈملە قاتارلىقلار ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ.

7) تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى: ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى، ing لىق شەكلى، ئۆتكەن زامان ئارماق شەكلى، تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى بۇ خىل جۈملە بۆلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

### 9. ئىنگلىز تىلىدا ئاددىي بايان جۈملىلەردىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟

ئىنگلىز تىلىدىكى ئاددىي بايان جۈملىلەردە جۈملىنىڭ ئاساسىي غولى «تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە» شەكلىدە بولىدۇ. قالغان بۆلەكلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە كېلىدۇ. ① ئىگىنى ئېنىقلايدىغان ئاددىي ئېنىقلىغۇچى (بىر سۆزلۈك) بولسا، ئىگىنىڭ ئالدىدا، ئىگىنى ئېنىقلايدىغان مۇرەككەپ ياكى كۆپ قاتلاملىق ئېنىقلىغۇچى بولسا ئىگىنىڭ كەينىدە؛ ② خەۋەردە ئەكس ئەتكەن ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۇسۇل ھالىتى بولسا، خەۋەرنىڭ ئالدىدا ياكى جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا؛ ③ تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلايدىغان ئاددىي ئېنىقلىغۇچى بولسا تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىدا، مۇرەككەپ ياكى كۆپ قاتلاملىق ئېنىقلىغۇچى بولسا تولدۇرغۇچىنىڭ كەينىدە؛ ④ ۋاقىت ھالىتى ئەھۋالغا قاراپ جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا. (ۋاقىت ھالىتىنىڭ ئورنى بىر قەدەر ئەركىن بولىدۇ) ⑤ ئورۇن ھالىتى كۆپىنچە ھاللاردا جۈملىنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ.

بۇ تەرتىپنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

On first meeting, this beautiful girl deeply loved
(خەۋەر) (ئۇسۇل ھالىتى) (ئىگە) (ئىگىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى) (ۋاقىت ھالىتى)

that handsome guy whom many girls like in this city.
(تولدۇرغۇچىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى) (تولدۇرغۇچى) (تولدۇرغۇچىنىڭ مۇرەككەپ ئېنىقلىغۇچىسى)

بۇ گۈزەل قىز بىرىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا شەھەردىكى نۇرغۇن

قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن بۇ كېلىشكەن يىگىتنى ئىچ-ئىچىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى.

### 10. ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى بىلەن ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشىماسلىق بار؟

شۇنى ئاۋۋال ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، تېگى بىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى بىلەن ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇنچە زور ئەمەس. پەرق ئاساسلىقى بىر قىسىم سۆزلۈكلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىكى ئازراق ئوخشىماسلىقتىلا كۆرۈلىدۇ. ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا باشقا سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «كىتابخانا» دېگەن سۆز ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلىدا «bookshop» دېيىلسە، ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا «bookstore» دېيىلگەندەك. تەلەپپۇز جەھەتتىكى پەرق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلىدىكىگە قارىغاندا بەكرەك سوزۇپ، بولۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «R» نىڭ تىترىشى ۋە شاۋقۇنى گەۋدىلىك بولىدۇ، ئەنگلىيە تەلەپپۇزىدىن پەرقلىق ھالدا چۈشۈرۈپ قويۇلماي ئېيتىلىدۇ. لېكىن، ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى ۋە ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلى ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىدىن ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن: «مەن ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن، قانداق قىلسام ئۇنى ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىغا ئۆزگەرتەلەيمەن؟» دېگەندەك. يەنە بىر قىسىم ئۆگەنگۈچىلەر بولسا ھەقىقىي جانلىق ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش پەللىسىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرۇپ، «پۇستانىي ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا سۆزلىيەلمەيدۇ، پالانچىنىڭ تەلەپپۇزى ناچار» دەپ باشقىلارنىڭ تەلەپپۇزىنى باھالايدۇ. بۇ خۇددى ئۆزى ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ «باشقىلار يۈگۈرەلمەيدۇ» دەپ زاڭلىق قىلغاندەكلا بىر ئىش. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش كېرەك.

### 11. دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدا ئىنگلىز تىلىغا مۇناسىۋەتلىك قانداق ئىمتىھانلار بار؟ ھەر قايسىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قانداق؟

Ⓐ دۆلەتلىك 4- دەرىجىلىك ئىنگلىزچە ئىمتىھان. بۇ ئىمتىھان جۇڭگودىكى ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سەۋىيىسىنى سىناش ئۈچۈن ھەر يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى ۋە يانۋارنىڭ بېشىدا ئېلىنىدۇ. ھەر

ماۋسۇم بېشىدا ھەر قايسى چوڭ ئالىي مەكتەپلەردە تىزىملاش ئېلىنىپ بېرىلىدۇ. «ئاڭلاش»، «ئوقۇپ چۈشىنىش»، «سۆزلۈك ۋە قۇرۇلما»، «قىسقىچە جاۋاب بېرىش» (ياكى «بوش ئورۇن تولدۇرۇش»)، «يېزىقچىلىق» قاتارلىق شەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ. 60 تىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلارغا بىر تۇتاش گۇۋاھنامە بېرىلىدۇ.

② دۆلەتلىك 6- دەرىجىلىك ئىنگلىزچە ئىمتىھان. بۇ ئىمتىھاننىڭ سەۋىيىسى يۇقىرىقى ئىمتىھاندىن سەل يۇقىرى، مەزمۇنى ئوخشاشلا يۇقىرىقى تۈرلەردىن تەركىب تاپىدۇ. تىزىملىتىش ۋە ئىمتىھان بېرىش ۋاقتى يۇقىرىقىغا ئوخشاش. 60 تىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلارغا بىر تۇتاش گۇۋاھنامە بېرىلىدۇ.

③ TOEFL ئىمتىھانى. TOEFL (Test of English as a Foreign Language) ئىمتىھانىنى ئامېرىكا مائارىپ ئىمتىھان مەركىزى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنگلىز تىلى ئانا تىلى بولمىغانلارنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئۈچۈن يولغا قويغان. ھازىر ئامېرىكا بىلەن كانادادا ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەردە 2000 دىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇت بۇ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئىمتىھان «ئاڭلاپ چۈشىنىش» (50 سوئال، 50 مىنۇت)، «گراماتىكا» (40 سوئال، 25 مىنۇت) «ئوقۇپ چۈشىنىش» (50 سوئال، 55 مىنۇت)، «ماقالە يېزىقچىلىقى» (1 سوئال، 30 مىنۇت) دىن تەركىب تاپىدۇ. ئىمتىھان ۋاقتى ئۈچ سائەت ئەتراپىدا. TOEFL ئىمتىھانىدا تۆۋەندىكىدەك تۆت نەتىجە چىقىدۇ.

ئاڭلاپ چۈشىنىش : 0 — 68 گراماتىكا : 0 — 68
ئوقۇپ چۈشىنىش : 0 — 67 يېزىقچىلىق : 0 — 6
ئومۇمىي نەتىجە : 320 — 677

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئومۇمىي نەتىجىنى ھېسابلاش فورمۇلىسى:

$\frac{10}{3}\times$ ئاڭلاش، گراماتىكا، ئوقۇپ چۈشىنىش نەتىجىسى

بۇ، ئىمتىھان ھەر يىلى شىنجاڭدا ئىككى قېتىم (5-، 10- ئاي)، ئىچكىرىدە تۆت قېتىم ئېلىنىدۇ. ئون مىڭ ئەتراپىدىكى سۆزنى پىششىق

بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

④ IELTS ( 雅思 ) ئىمتىھانى. ئىنگلىزچە تولۇق يېزىلىشى ( International English language Testing System خەلقئارالىق ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى سىناش سىستېمىسى) . بۇ ئىمتىھاننى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىمتىھان كومىتېتى، ئاۋستىرالىيە ئالىي مەكتەپلەر مائارىپى خەلقئارا تەتقىقات مەھكىمىسى، ئەنگلىيە مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن. ئەنگلىيە مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىمتىھان ئېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. 1990- يىلىدىن باشلاپ خەلقئارالىق ئىنگلىزچە ئىمتىھانغا ئايلانغان. بۇ ئىمتىھاندا 9 نومۇرلۇق نەتىجە سىستېمىسى قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرىچە نومۇر ئاڭلاش، يېزىقچىلىق، ئوقۇپ چۈشىنىش، ئېغىز تىلى قاتارلىق تۈرلەر ئومۇمىي نومۇرىنىڭ 4 كە بۆلۈنۈشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئەنگلىيە ئىتتىپاقىدىكى ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەر ئېتىراپ قىلىدۇ. ھازىر ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد شۆيۈەنىدە تىزىملىتىلىدۇ.

**12. ھازىر دۆلىتىمىزدە يېڭىچە ئۆگىنىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان ۋە بىر قەدەر كېڭەيگەن قانداق خىلدىكى ئىنگلىزچە ماتېرىياللار بار؟**

① «تەلۋىلەر ئىنگلىز تىلى» ( 疯狂英语 ، Crazy English ) ، ئىجادچىسى لى ياڭ (1969- يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1986- يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش مېخانىكىسى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. كېيىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى كېڭەيتىش يولىدا ئىزدەنگەن. ھازىر بېيجىڭدا «تەلۋىلەر ئىنگلىز تىلى تەھرىراتى» 疯狂英语编辑部 نىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە) لى ياڭ ئۆگەنگۈچىلەرنى خىلمۇ خىل پسىخىكىلىق بېسىمنى يېڭىپ، تىلنى ئاۋۋال ئاڭلاش ۋە سۆزلەشتىن باشلاشنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ كىتابىدا مۇشۇ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە

www.uyghurkitap.com

روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە بەكرەك ئەرزىيدۇ.

② 沛沛英语. ئىجادچىسى بېيجىڭدىكى «پېيپېي ئىنگلىز تىلى تەتقىقات ئورنى»نىڭ مەسئۇلى شىن پېيپېي خانىم. ئۇنىڭدا رومىنىيىلىك داڭلىق پسىخولوگ، پېداگوك روبانوزوفنىڭ تىلنى ئازادىلىك ئىچىدە ئۆگىنىش نەزەرىيىسى بويىچە لېنتىغا ئېلىنغان جۈملىلەرگە مۇزىكا قىستۇرۇلغان؛ ئىنگلىزچە جۈملىلەرگە خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىنغان ۋە جۈملىلەرگە كارتا تەييارلانغان. بۇ بىر قەدەر ئازادە كەيپىياتتا ئۆگىنىدىغان ئىنگلىز تىلى ئۇسۇلى. لېكىن ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، جايىدا تەدبىقلانمىسا ئۆگەنگۈچىنى ھورۇن قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بىر تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئىجتىھات بىلەن بىر نەچچە يىل قاتتىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاددىي جۈملىلەرنى قايتا - قايتا ئاڭلاش بىلەن تىلنى تېگى - تېگىدىن قېزىپ ئۆگەنگىلى بولمايدۇ.

③ «互动英语». بۇ، ئامېرىكىدىكى ھەر ساھەدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر ئۆزئارا باش قوشۇپ چىقارغان يېڭىچە ماتېرىيال. ئامېرىكىدا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە ئوقۇغۇچى تەربىيىلەيدىغان ئاپپارات ۋە مەكتەپلەر بار. ھازىر دۆلىتىمىزدە كېڭىيىش باسقۇچىدا.

④ «双向式英语» (قوش يۆنىلىشلىك ئىنگلىز تىلى)، بۇنى تەيۋەنلىك فۇجۇڭخەن دېگەن كىشى خەنزۇلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تىل ئادىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىقارغان. تۈزۈلۈش مېتودى ئۆزگىچە.

# فونېتىكا

## ئىنگلىز تىلىدىكى 26 ھەرپ

| چوڭ يېزىلىشى | كىچىك يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى | چوڭ يېزىلىشى | كىچىك يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| A | a | [ei] | N | n | [en] |
| B | b | [bi:] | O | o | [ou] |
| C | c | [si:] | P | p | [pi:] |
| D | d | [di:] | Q | q | [kju:] |
| E | e | [i:] | R | r | [ɑ:] |
| F | f | [ef] | S | s | [es] |
| G | g | [dʒi:] | T | t | [ti:] |
| H | h | [eitʃ] | U | u | [ju:] |
| I | i | [ai] | V | v | [vi:] |
| J | j | [dʒei] | W | w | [ˈdʌblju] |
| K | k | [kei] | X | x | [eks] |
| L | l | [el] | Y | y | [wai] |
| M | m | [em] | Z | z | [zed] |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1. ئىنگلىز تىلىدىكى 48 تاۋۇش بەلگىسى

## 1) سوزۇق تاۋۇشلار

| تاۋۇش بەلگىسى | مىسالى ۋە تەرجىمىسى | | | |
|---|---|---|---|---|
| [i:] | seed [si:d]<br>ئۇرۇق | need [ni:d]<br>مۇھتاج بولماق | | |
| [i] | sit [sit]<br>ئولتۇرماق | fit [fit]<br>مۇۋاپىق، جايلاشتۇرماق | lit[lit]<br>ياندۇرماق | |
| [æ] | tap [tæp]<br>شاپىلاقلىماق | at [æt]<br>… دا، تە | fat [fæt]<br>سېمىز | |
| [e] | net [net]<br>تور | let [let]<br>يول قويماق | get [get]<br>ئېرىشمەك | |
| [ə:] | first [fə:st]<br>تۇنجى | shirt [ʃə:t]<br>كۆينەك | firm [fə:m]<br>شىركەت | |
| [ə] | member [membə]<br>ئەزا | former ['fɔ:mə]<br>ئىلگىرىكى | driver ['draivə]<br>شوپۇر | |
| [ɑ:] | park [pɑ:k]<br>باغچا | dark [dɑ:k]<br>قاراڭغۇ | lark [lɑ:k]<br>تورغاي | |
| [ʌ] | but [bʌt]<br>بىراق | cut [kʌt]<br>كەسمەك | bun [bʌn]<br>موما | gun [gʌn]<br>تاپانچا |
| [ɔ:] | door [dɔ:]<br>ئىشىك | four [fɔ:]<br>تۆت | floor [flɔ:]<br>پول | |
| [ɔ] | hot [hɔt]<br>ئىسسىق | lot [lɔt]<br>نۇرغۇن | got [gɔt]<br>ئېرىشمەك | |
| [u:] | mood [mu:d]<br>كەيپىيات | food [fu:d]<br>يېمەكلىك | root [ru:t]<br>يىلتىز | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| [u] | look [luk]<br>قارىماق | book [buk]<br>كىتاب | cook [kuk]<br>ئاشپەز | |
| [ɑi] | wine [wain]<br>قىزىل هاراق | pine [pain]<br>قارىغاي | nine [nain]<br>توققۇز | |
| [ei] | pay [pei]<br>تۆلىمەك | day [dei]<br>كۈن، چېسلا | say [sei]<br>سۆزلىمەك | may [mei]<br>بەلكىم |
| [au] | how [hau]<br>قانداق | cow [kau]<br>ئىنەك | bow [bau]<br>تازىم قىلماق | |
| [əu] | go [gəu]<br>بارماق | no [nəu]<br>ياق، يوق | home [həum]<br>ئۆي | |
| [iə] | bear [biə]<br>ئېيىق، چىدىماق | near [niə]<br>... غا يېقىن ئەتراپتا | dear [diə]<br>سۆيۈملۈك | |
| [ɛə] | care [kɛə]<br>كۆڭۈل بۆلۈش، غەم | bare [bɛə]<br>يالىڭاچ | dare [dɛə]<br>جۈرئەت قىلماق | |
| [uə] | poor [puə]<br>كەمبەغەل | sure [ʃuə]<br>چوقۇم | tour [tuə]<br>ساياھەت قىلماق | |
| [ɔi] | boy [bɔi]<br>ئوغۇل بالا | toy [tɔi]<br>ئويۇنچۇق | boil [bɔil]<br>قاينىماق | |

## 2) ئۈزۈك تاۋۇشلار

| تاۋۇش بەلگىسى | مىسالى ۋە تەرجىمىسى | | |
|---|---|---|---|
| [p] | pen [pen]<br>قەلەم | pan [pæn]<br>ساپلىق قازان | peel [pi:l]<br>سويماق |
| [b] | bed [bed]<br>كارىۋات | bad [bæd]<br>ئەسكى | best [best]<br>ئەڭ ياخشى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| [t] | ten [ten]<br>ئون | | test [test]<br>سىناق | toy [tɔi]<br>ئويۇنچۇق |
| [d] | desk [desk]<br>پارتا | | day [dei]<br>كۈن، چېسلا | door [dɔː]<br>ئىشىك |
| [k] | kiss [kis]<br>سۆيمەك | | kid [kid]<br>ئۆسمۈر | king [kiŋ]<br>پادىشاھ |
| [h] | hat [hæt]<br>شەپكە | | hen [hen]<br>مېكيان | hand [hænd]<br>قول |
| [g] | gate [geit]<br>دەرۋازا | give [giv]<br>بارماق | get [get]<br>ئېرىشمەك | bag [bæg]<br>خالتا |
| [s] | say [sei]<br>دېمەك | save [seiv]<br>قۇتقۇزماق | see [siː]<br>كۆرمەك | seek [siːk]<br>ئىزدىمەك |
| [z] | zero [ˈziərəu]<br>نۆل | | zoo [zuː]<br>ھايۋانات باغچىسى | zest [zest]<br>قىزغىنلىق |
| [f] | five [faiv]<br>بەش | | fine [fain]<br>ياخشى | wife [waif]<br>خوتۇن |
| [ʃ] | she [ʃiː]<br>ئۇ (ئايال) | | short [ʃɔːt]<br>قىسقا | shop [ʃɔp]<br>دۇكان |
| [n] | sin [sin]<br>گۇناھ | | win [win]<br>ئۇتماق، يەڭمەك | ten [ten]<br>ئون |
| [ŋ] | sing [siŋ]<br>ئېيتماق | | long [lɔŋ]<br>ئۇزۇن | wing [wiŋ]<br>قانات |
| [m] | meet [miːt]<br>ئۇچراشماق | | map [mæp]<br>خەرىتە | same [seim]<br>ئوخشىماق |
| [l] | lack [læk]<br>كەمچىل | | lame [leim]<br>توكۇر | let [let]<br>يول قويماق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| [θ] | thin [θin]<br>ئورۇق | throat [θrəut]<br>كېكىردەك | thing [θiŋ]<br>نەرسە، ئىش |
| [ð] | that [ðæt]<br>ئاۋۇ | this [ðis]<br>بۇ، ماۋۇ | though [ðəu]<br>گەرچە |
| [r] | red [red]<br>قىزىل | rock [rɔk]<br>قىيا تاش | rain [rein]<br>يامغۇر |
| [w] | way [wei]<br>يول، ئۇسۇل | wait [weit]<br>ساقلىماق، كۈتمەك | why [wai]<br>نېمىشقا |
| [v] | vain [vein]<br>بىھۇدە | voice [vois]<br>ئاۋاز | |
| [i] | you [ju:]<br>سەن، سىز، سىلەر | yard [jɑ:d]<br>قورۇ | yes [yes]<br>ھەئە، بولىدۇ |
| [ʒ] | vision ['viʒən]<br>كۆرۈش سېزىمى | pleasure ['pleʒə]<br>خۇشاللىق | |
| [tʃ] | cheap [tʃi:p]<br>ئەرزان | cheat [tʃi:t]<br>ئالدىماق | chain [tʃein]<br>زەنجىر |
| [dʒ] | age [eidʒ]<br>ياش | joke [dʒəuk]<br>چاقچاق | jam [dʒæm]<br>مۇراببا |
| [tr] | tree [tri:]<br>دەرەخ | try [trai]<br>سىنىماق | trip [tirp]<br>سەپەر |
| [dr] | dry [drai]<br>قۇرۇق، قۇرغاق | drip [drip]<br>تامچىلىماق | drive [draiv]<br>ھەيدىمەك |
| [ts] | tests [tests]<br>سىناقلار | hats [hæts]<br>شەپكىلەر | |
| [dz] | beds [bedz]<br>كارىۋاتلار | hands [hændz]<br>قوللار | |

www.uyghurkitap.com

## خەلقئارالىق تاۋۇش بەلگىلىرى
### (ترانسكرىپسىيە)

### 1) سوزۇق تاۋۇش

تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترەيدىغان، ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمايدىغان تاۋۇش سوزۇق تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاق سوزۇق تاۋۇش:

[i:] [e] [ɔ:] [u:] [ə:] [ɑ:]
[i] [æ] [ɔ] [u] [ə] [ʌ]

قوشما سوزۇق تاۋۇش

[ei] [ɑi] [ɔi] [iə]
[ɛə] [uə] [au] [əu]

### 2) ئۈزۈك تاۋۇش:

تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدىغان تاۋۇش ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكىگە ئاساسەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تاۋۇش پەردىسى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىترەيدۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىترىمەيدۇ.

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش [p] [f] [k] [t] [ʃ] [s] [θ] [ts] [tr] [tʃ] [h]
جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش [b] [v] [g] [d] [ʒ] [z] [ð] [dz] [dr] [dʒ]
[m] [n] [ŋ] [l] [r]

[j] بىلەن [w] تاۋۇشى ئادەتتە يېرىم سوزۇق تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلار يەنە تەلەپپۇز ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرگە بۆلىنىدۇ:

پارتلىغۇچى تاۋۇش : [p] [b] [d] [k] [g]

سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش: [f] [v] [s] [z] [θ] [ð] [ʃ] [ʒ] [h] [r]

پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش: [ts] [dz] [tr] [dr] [tʃ] [dʒ]

دىماق تاۋۇشى: [m] [n] [ŋ]

تىل يېنى تاۋۇشى: [l]

تىل قايرىما تاۋۇش: [ʃ] [ʒ] [tr] [dr] [tʃ] [dʒ] [r] [l]

**3) تاۋۇش بەلگىسى بىلەن ھەرپنىڭ پەرقى**

تاۋۇش بەلگىسى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، تىرناق ئىچىدە كېلىدۇ. ھەرپ بولسا سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى ھەجىلەپ يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، تاۋۇش بەلگىسى تاۋۇش فونېمىسىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە، ھەرپ بولسا يېزىق ئىپادىلەيدىغان بەلگە دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، «سومكا [bæg] bag» دىكى «g، a، b» دىن ئىبارەت ئۈچ بەلگە ھەرپ بولۇپ، ئۇلار «bag» دېگەن سۆزنى تەشكىل قىلغان. تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان [bæg] تاۋۇش بەلگىسى بولۇپ، «bag» دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئىزاھلىغان.

## تاۋۇش ۋە ئېغىز تىلى شەكلى

### بىرىنچى، سوزۇق تاۋۇشلار

1. ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار [i:] [i] [e] [æ]

ئالدى سوزۇق تاۋۇش [i:]

1. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تېگىدۇ؛ تىلنىڭ ئالدى تەرىپى قاتتىق تاڭلاي تەرەپكە كۆتۈرۈلىدۇ. تىل ئورنى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ئىچىدە ئەڭ ئېگىز.

2. قوش لەۋ ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ تۈز شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.



مەشىق: [i:t][pi:k][bi:d][di:d]['si:zn][bi:n]

www.uyghurkitap.com



ئالدى سوزۇق تاۋۇش [i]

1. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تېگىدۇ، تىلنىڭ ئالدى تەرىپى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ. تىل ئورنى [i:] دىن تۆۋەنرەك بولىدۇ.

2. قوش لەۋ كېرىلىپ تۈز شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.

مەشىق: [it][pik][bid][did][sik][him]



ئالدى سوزۇق تاۋۇش [e]

1. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تېگىدۇ. تىلنىڭ ئالدى تەرىپى كۆتۈرۈلىدۇ. تىل ئورنى [i] دىن تۆۋەنرەك بولىدۇ.

2. قوش لەۋ ئىككى تەرەپكە تۈز كېرىلىپ ئېچىلىدۇ.

مەشىق:

[et][pek][bed][let][dres][selt]



ئالدى سوزۇق تاۋۇش [æ]

1. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تېگىدۇ، تىل ئورنى [e] دىن تۆۋەن ياكى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ.

2. قوش لەۋ ئىككى تەرەپكە تۈز كېرىلىپ ئېچىلىدۇ.

3. لەۋنى يېتەرلىك كېرىمەي [e] دەك تەلەپپۇز قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

مەشىق: [ækt][pæk][bæd]['æpl][kæmp][bæŋk]

2. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار [ʌ][ə][ə:]

ئارا سوزۇق تاۋۇش [ə:]



1. تىلنىڭ ئوتتۇرىسى ئالدىغا سوزۇلۇپ سەل - پەل كۆتۈرۈلىدۇ. تىل ئورنى ئارا سوزۇق تاۋۇش ئىچىدە ئەڭ ئېگىز.

2. قوش لەۋ تەبىئىي ئېچىلىپ تۈز شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.

مەشىق: [bə:d][tə:n][θə:d][nə:s][fə:m][sə:tʃ]

ئارا سوزۇق تاۋۇش [ə]



1. تىلنىڭ ئوتتۇرىسى تەبىئىي ھالدا ئۈستىگە كۆتۈرىلىدۇ، تىل ئورنى [ə:] دىن تۆۋەن بولىدۇ.

2. قوش لەۋ تەبىئىي ئېچىلىپ يانتۇ تۈز شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.

مەشىق: ['bigə]['sædə]['mi:tə]['dɑ:kə][ə'gəu][ə'bʌv]

ئارا سوزۇق تاۋۇش [ʌ]



1. تىلنىڭ ئوتتۇرىسى سەل - پەل ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ، تىل تۈۋى ئاستىنقى چىشقا يېنىك تېگىدۇ. تىل ئورنى [ə] دىن تۆۋەن ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇشلار ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن.

2. قوش لەۋ ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ يانتۇ تۈز شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.

مەشىق: [dʌk][kʌm]['brʌðə][bʌs]['kʌlə][tʌtʃ]

www.uyghurkitap.com

3. ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار [ɑ:][ɔ][ɔ:][u][u:]



ئارقا سوزۇق تاۋۇش [ɑ:]

1. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشنىڭ تۆۋەندىكى قىسمىدا تۇرىدۇ. تىل ئېغىز ئىچىدە تۈز تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە قىسقىرايدۇ.

2. ئېغىز يوغان ئېچىلىدۇ.

مەشىق: [dɑ:k][kɑ:m][ɑ:sk][tʃɑ:dʒ]['ɑ:ftə][pɑ:t]



ئارقا سوزۇق تاۋۇش [ɔ]

1. تىل پەسلەپ كەينىگە قايتىدۇ، تىلنىڭ كەينى تەرىپى كۆتۈرۈلىدۇ.

2. ئېغىز يوغان ئېچىلىدۇ. قوش لەۋ يۇملاق ھالەتكە كېلىدۇ.

مەشىق: [nɔt][tɔp][fɔnd][bɔs][kɔk][lɔŋ]



ئارقا سوزۇق تاۋۇش [ɔ:]

1. تىل پەسلەپ كەينىگە قىسقىرايدۇ، تىلنىڭ ئارقا تەرىپى كۆچەپ كۆتۈرۈلىدۇ؛ تىل ئورنى [ɔ] دىن ئېگىز بولىدۇ.

2. ئېغىز يوغان ئېچىلىدۇ، قوش لەۋ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە [ɔ] دىن يۇملاقراق، كىچىكرەك ھالەتكە ئۆتىدۇ.

مەشىق: [bɔ:d][tɔ:n][θɔ:t][nɔ:t][nɔ:θ]['ɔ:də]



ئارقا سوزۇق تاۋۇش [u]

1. تىل كەينىگە قىسقىرايدۇ، تىلنىڭ كەينى تەرىپى يۇمشاق تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ.

2. قوش لەۋ يۇمىلاق ھالەتتە سەل - پەل ئالدىغا چىقىدۇ.

مەشىق: [bul][kuk][put][kud][puʃ]['butʃə]



ئارقا سوزۇق تاۋۇش [u:]

1. تىل كەينىگە قىسقىرايدۇ، تىلنىڭ كەينى تەرىپى يۇمشاق تاڭلاي تەرەپكە كۆتۈرۈلىدۇ. تىل ئورنى [u] دىن يۇقىرىراق بولىدۇ.

2. قوش لەۋ [u] دىنمۇ يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ.

3. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ جىددىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تۇسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا [u] نىڭ تەلەپپۇزى [u:] نىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ.

مەشىق: [fu:d][ku:l][blu:][tʃu:z]['nu:dl][nu:n]

4. قوشما سوزۇق تاۋۇشلار

قوشما سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىر سوزۇق تاۋۇشتىن يەنە بىر سوزۇق تاۋۇشقا تېز سۇرئەتتە سىيرىلىش بولىدۇ. ئالدىنقى سوزۇق تاۋۇش جاراڭلىق، ئېنىق؛ كېيىنكى سوزۇق تاۋۇش ئاجىزراق، بىلىنەر-بىلىنمەس تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئالدىنقى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇنراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىنكىسى قىسقىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.







مەشىق:

[ei][ai][ɔi][au][əu]

[leik][weit][seif][keiv][seil][neim]

[rait][laif][haiv][said]['baibl][baik]

[dʒɔi][kɔin][nɔiz][ə'vɔid][vɔis][bɔil]

[haus][ʃaut][taun][blauz][klaud][mauθ]

['bɔrəu][kəut][bləu][kləuz][bəust][tʃəuk]

[iə][ɛə][uə]

مەشىق:

[niə][hiəd][fiəs][ə'piə]['idiəm]['hiəriŋ]

[tʃɛə][skɛə][prɛə]['ɛəriə]['fɛəli]['mɛəri]

[puə][tuə]['kruəl][kjuə]['dʒuəri][ʃuə]

## ئىككىنچى، ئۆزۈك تاۋۇشلار

1. پارتلىغۇچى تاۋۇشلار [p][b][t][d]

پارتلىغۇچى قوش لەۋ تاۋۇشى [p][b]:



1. قوش لەۋ ھەم يېپىق ھالەتتىن كېيىن تۇيۇقسىز ئېچىلىدۇ، ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ پارتلايدۇ.

2. [p] جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بولۇپ، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

3. [b] جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق:

[pæt][peist][pɑ:θ]['pi:kɔk]

[plein][trip][ʃɔ:p][ʃɑ:p]

[bait]['bitn][beik][bə:d]

[blæŋk][breis][kɑ:d][send]

تىل ئۇچى چىش مىلىكى پارتلىغۇچى تاۋۇش: [t][d]



1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە تېگىپ، توسالغۇ پەيدا قىلغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز پەسلەيدۇ، ھاۋا ئېقىمى ئېغىزدىن پارتلاپ چىقىپ، تاۋۇش پەيدا قىلىدۇ.

2. [t] جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

3. [d] جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق:

['teib][tɔ:k]['tɔtə][teist]

[pɑ:t][bi:t]['dezət][hæt][dʌst]

[deit][dæmp]['dinə][dæm]['dizi]

[gɔd][mæd][wed][haind][wiald]

www.uyghurkitap.com



ئارقا تىل يۇمشاق تاڭلاي پارتلىغۇچى تاۋۇش: [k][g]

1. تىلنىڭ كەينىــــى كۆتۈرۈلۈپ، يۇمشاق تاڭلايغا مەھكەم يېپىشىپ توسالغۇ پەيدا قىلغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز چۈشىدۇ. ھاۋا ئېقىمى ئېغىزدىن پارتلاپ چىقىپ تاۋۇش پەيدا قىلىدۇ.

2. [k] جاراڭلىــــق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

3. [g] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق:

[kil][ki:p]['ket][keik][kait]

[dɑ:k][fɔ:k][li:k][liŋk][mɑ:sk]

[geit][gɑ:sp][gəust][giv][gəut]

[bæg][lɔg][mʌg][pig][frɔg]



سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش

لەۋ چىش سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [f] [v]

1. ئۈستۈنكى چىش ئاستىنقى لەۋگە يېنىك تېگىدۇ؛ ھاۋا ئېقىمى ئېغىزدىن سىيرىلىپ چىقىپ تاۋۇش پەيدا قىلىدۇ.

2. [f] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

3. [v] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق:

[feis][fu:d][fɔ:ls][fə:m]['fi:və]

[laif][seif][bi:f][def][flai]

[vɑ:st][vest]['veri][kiev][li:v]

[faiv][seiv][breiv][draiv][hi:v]



يۇتقۇنچاق سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش: [h]

1. هاۋا ئېقىمى ئېغىزدىن چىققاندا توسالغۇ پەيدا بولمايدۇ، پەقەتلا يۇتقۇنچاقتىن ئۆتىدىغان چاغدا يېنىك سۇركىلىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ، بوغۇز تاۋۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2. جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

3. ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

مەشىق: ['hʌmb][hʌnt]['hʌri][help][hiə]




3. تىل تاۋۇشلىرى

تىل يېنى تاۋۇشى [l] ۋە [~l]

1. سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كەلگەندە بىر قەدەر ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. [ə~] تاۋۇشى قېتىلىپ سوزۇق تاۋۇشنىڭ كەينىدە كەلگەندە تەلەپپۇز تۇتۇقراق بولىدۇ. ئۇ، تۇتۇق تىل يېنى تاۋۇشى ياكى [ə~] قىسقىرايدىغان تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2. ئوچۇق تىل يېنى تاۋۇشى [l] تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تېگىدۇ؛ هاۋا ئېقىمى تىلنىڭ بىر يېنى ياكى ئىككى يېنىدىن چىقىدۇ.

3. تۇتۇق تىل يېنى تاۋۇشى [~l] تەلەپپۇز قىلىنغاندا تىلنىڭ تۈۋەنلەپ ئۈستى كۆتۈرۈلىدۇ.

4. هەر ئىككىسى جاراڭسىز.

مەشىق: [leik][laik][li:d][læk][left]

['teibl]['æpl][sɔil]['hændl]['bɔtl]

www.uyghurkitap.com



تىل قايرىما تاۋۇش: [ʃ][ʒ]

1. تىل ئۇچى يىغىلىپ ياكى كۆتۈرۈلۈپ ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن قاتتىق تاڭلاي ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. ھاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى، تىل ئۇچى، ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ كەينى تەرىپىدىن شەكىللەنگەن قىسىلچاقتىن چىقىدۇ. تىل ئورنى باشتىن ـ ئاخىرى مۇقىم بولىدۇ.

2. تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز شەكلى [r] دىن يوغان ئېچىلىدۇ؛ لەۋ ئىككى تەرەپكە كېرىلىدۇ.

3. [ʃ] جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. [ʒ] جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [ʃeid][ʃʌt][ʃɔ:t][buʃ][ˈpʌniʃ]

[ˈsi:ʒə][ˈmeʒə][ˈleʒə][ˈju:ʒə][ˈgærɑ:ʒ]



بىرىكمە تىل قايرىما تاۋۇش: [dʒ][tʃ]

1. تىل ئۇچى كۆتۈرۈلۈپ ئاۋال ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تېگىدۇ. ئاندىن تويۇقسىز بوشاپ قاتتىق تاڭلايغا تېگىدۇ ۋە ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدىن دەرھال ئېتىلىپ چىقىپ ئاۋال پارتلاپ، ئاندىن سۈركىلىپ تاۋۇش پەيدا قىلىدۇ.

2. تەلەپپۇز قىلغاندا تىل يىغىلىپ لەۋ ئىككى تەرەپكە تۈز ئېچىلىدۇ.

3. [tʃ] جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

4. [dʒ] جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [tʃi:t][tʃɛə][tɔ:tʃ][bi:tʃ]

[eidʒ][dʒaiz][bridʒ][keidʒ][dʒɔb]



تىل قايرىما تاۋۇش: [r]

1. تىل قايرىلىپ ئۇستۇنكى چىش مىلىكىنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن قاتتىق تاڭلاي ئارىسىدا تۇرىدۇ. ھاۋا ئېقىمى تىل تۇۋى، تىل ئۇچى، ئۇستۇنكى چىش مىلىكىنىڭ كەينى تەرىپىدىن شەكىللەنگەن قىسىلچاقتىن چىقىدۇ. تىل ئورنى باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمەيدۇ.

2. لەۋ تېز سۇرئەتتە يىغىلىپ يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ.

3. جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [ri:d][red][rais][rəud]['rivə][ritʃ]



بىرىكمە تىل قايرىما تاۋۇش: [tr][dr]

1. تىل ئۇچى ئاۋۋال ئۇستۇنكى چىش مىلىكىنىڭ كەينى تەرىپىگە تېگىدۇ، ئاندىن تويۇقسىز بوشاپ قاتتىق تاڭلايغا يېقىنلىشىدۇ؛ ھاۋا ئېقىمى ئېغىزدىن ئاۋۋال پارتلاپ كېيىن سىيرىلىپ چىقىپ تاۋۇش ھاسىل قىلىدۇ.

2. تىل قايرىلىپ لەۋ تېز سۇرئەتتە يىغىلىپ يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ.

3. [tr] جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

4. [dr] جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [treis][træk][trein][tri:]['reævl]

[dres][dri:m][dræg][drein][driŋk]

## 4. تىل، چىش تاۋۇشلىرى

تىل، چىش سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش: [s][z]

1. تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىشقا تېگىدۇ، تىل تۇۋى ئۇستۇنكى چىش

مىلىكىگە يېقىنلىشىدۇ؛ ھاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى بىلەن چىش مىلىكى ئارىلىقىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.



2. [s][z] بىر قەدەر ئېنىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنە سوزۇك تىل، چىش ئاۋۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

3. [s] جاراڭلىق ئۈزۈك ئاۋۇش، ئاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

4. [z] جاراڭسىز ئۈزۈك ئاۋۇش، ئاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [si:t][sɔ:s][sʌtʃ][ais][beis][pleis]

[zu:]['ziərə]['si:zn][ig'zæm][æz]

تىل، چىش سىيرىلاڭغۇ ئاۋۇش: [θ][ð]



1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىشنىڭ كەينىگە يېنىك تېگىدۇ ياكى ئۈستۈنكى، ئاستىنقى چىشنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. ھاۋا ئېقىمى تىل، چىش ئارىلىقىدىكى قىسىلچاقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. [θ][ð] بىر قەدەر تۇتۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

3. [θ] جاراڭلىق ئۈزۈك ئاۋۇش، ئاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

4. [ð] جاراڭسىز ئۈزۈك ئاۋۇش، ئاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [θæŋk]['θiətə][θi:m][θik][klɔθ],

[ði:][ðei][ðɛə][beið]['gæðə]['ʌðə]

بىرىكمە تىل، چىش ئاۋۇش: [ts][dz]

1. تىل ئۇچى كۆتۈرۈلۈپ، ئاۋۋال ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە تېگىدۇ ۋە تويۇقسىز تۆۋەنلەپ، ئاستىنقى چىشقا تەگكەندىن كېيىن ئېغىزدىن ئاۋۋال

پارتلاپ ئاندىن سىيرىلىپ تاۋۇش پەيدا قىلىدۇ.



2. [ts] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

3. [dz] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەرسى تىترەيدۇ.

مەشىق:

[its][pænts][skɔts][greits][baits]
[si:dz][kaindz][raidz][gudz][rəudz]

5. دىماغ تاۋۇشلىرى



[m]: قوش لەۋ دىماغ تاۋۇشى

1. قوش لەۋ ھىم ئېتىلىپ يۇمشاق تاڭلاي پەسكە ساڭگىلايدۇ، ھاۋا ئېقىمى بۇرۇن بوشلۇقىدىن چىقىدۇ.

2. [m] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق:

[mɛə][mʌm][mæn][nɑ:tʃ]['midl]
[hæm][dri:m][neim][taim][film]



[n]: تىل ئۇچى چىش مىلىكى دىماغ تاۋۇشى

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە چىڭ چاپلىشىپ ئېغىز بوشلۇقى يولىنى ئېتىدۇ. يۇمشاق تاڭلاي پەسكە ساڭگىلاپ ھاۋا ئېقىمى بۇرۇن بوشلۇقىدىن چىقىدۇ.

2. [n] تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئېغىز سەل - پەل ئېچىلىدۇ.

3. [n] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەسىلەن:

[niə][nais][ni:d][njui:][nest]

[pain][pen]['pə:sn][gein]['lesn]

تىل كەينى يۇمشاق تاڭلاي، دىماغ تاۋۇشى: [ŋ]



1. تىلنىڭ كەينى كۆتۈرۈلۈپ يۇمشاق تاڭلاي پەسكە ساڭگىلايدۇ. ھاۋا ئېقىمى بۇرۇن بوشلۇقىدىن چىقىدۇ.

2. [ŋ] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز سەل - پەل ئېچىلىدۇ. تىل ئورنى [g][k] نىڭكىگە ئوخشايدۇ.

3. [ŋ] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

مەشىق: [siŋ][riŋ]['fiŋgə][θæŋk][sʌŋ][driŋk]

6. يېرىم سوزۇق تاۋۇشلار

يېرىم سوزۇق تاۋۇش: [w]



1. تىلنىڭ كەينى كۆتۈرۈلۈپ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىدۇ، قوش لەۋ يىغىلىپ يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ ۋە ئالدىغا چىقىدۇ.

2. ئاساسلىقى قوش لەۋ ھەرىكەتكە كېلىپ، [u] نى تەلەپپۇز قىلغاندىكىدەك ھالەتكە كېلىدۇ. پەقەتلا تەلەپپۇز قىلىش ۋاقتى [u] نىڭكىدىن تېخىمۇ قىسقا، سۈرئەت تېخىمۇ تېز بولىدۇ.

مەشىق: [weitr][wɔt]['wɔtə][weidaʒ][wi:k][welθ]

يېرىم سوزۇق تاۋۇش [j]

1. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تېگىدۇ. تىلنىڭ ئالدى تەرىپى قاتتىق تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ. قوش لەۋ ئىككى تەرەپكە كېرىلىدۇ.

2. [j] نى تەلەپپۇز قىلىش شەكلى [i] نىڭكىگە ئوخشايدۇ. تەلەپپۇز قىلىش ۋاقتى [i] نىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىسقا، تەلەپپۇز سۈرئىتى تېز بولىدۇ.

3. تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.



مەشىق:

[jɑ:d][jiə]['jeləu][jes][jet][jʌŋ]

## 3. ئىنگلىز تىلى فونېتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بىلىملەر

### 1. بوغۇم

بوغۇم ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى بولغان فونېماغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن سەل چوڭ بولىدۇ؛ ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئايرىلىدۇ. بوغۇم ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇم ۋە ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدىغان بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم، يېپىق بوغۇم، «-r» لىق بوغۇم ۋە «-re» لىق بوغۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم، ئۈزۈك تاۋۇشلار (r دىن باشقا) بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. ئوچۇق بوغۇمدىكى تاق سوزۇق تاۋۇشلار ئەسلى ئاھاڭى بىلەن ئوقۇلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەردۇر:

sea [si:] ، be [bi:] ، she [ʃi:]

يېپىق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش يا ئۇزۇن ياكى قىسقا ئوقۇلىدۇ. قىسقا ئوقۇلىدىغىنى:

plan [plæn], hen [hen], hot [hɔt]

ئۇزۇن ئوقۇلىدىغىنى: food [fu:d] ، cast [kɑ:st] ، meet [mi:t]

### 2. بوغۇملارنى قانداق ئايرىش كېرەك؟

www.uyghurkitap.com

ئادەتتە بىر سۆزدە قانچە سوزۇق تاۋۇش بولسا، شۇنچە بوغۇم بولىدۇ. مەسىلەن:

place [pleis] بىر بوغۇم

dis place [dis'pleis] ئىككى بوغۇم

displacement [dis'pleisment] ئۈچ بوغۇم

ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن [l]، [n] نىڭ تەلەپپۇزى بىر قەدەر ياڭراق، سوزۇق تاۋۇشقا يېقىنراق بولىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

teble ['teibl], saddle ['sædl], lesson ['lesn]

### 3. ئۇرغۇلۇق بوغۇم

قوش بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى مەلۇم بىر بوغۇم ئالاھىدە كۈچلۈك، باشقا بوغۇملار بىر قەدەر يېنىك ياكى ئاجىز ئوقۇلىدۇ. ئۇرغۇلۇق بوغۇم ئادەتتە بىرلەمچى ئۇرغۇلۇق بوغۇم، ئىككىلەمچى ئۇرغۇلۇق بوغۇم، ئاجىز ئوقۇلىدىغان بوغۇم قاتارلىق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىدە بىرلەمچى ئۇرغۇلۇق بوغۇم بوغۇمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ˈ» بەلگىسىنى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

English ['iŋgliʃ], China ['tʃainə], cigar [si'gɑː]

ئىككىلەمچى ئۇرغۇلۇق بوغۇم ئادەتتە بىرلەمچى ئۇرغۇلۇق بوغۇمغا قارىغاندا يېنىكرەك ئوقۇلىدۇ. ئادەتتە بوغۇمنىڭ سول ئاستى تەرىپىگە «ˌ» بەلگىسى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

cigaretee [sigə'ret], application [ˌæpli'keiʃən]

composition [ˌkɔmpə'ziʃən]

ئاجىز ئوقۇلىدىغان بوغۇم سۆز تەركىبىدىكى بىر قەدەر ئاجىز ياكى تۇتۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇمنى كۆرسىتىدۇ؛ ئادەتتە بەلگە بىلەن ئىپادە قىلىنمايدۇ. مەسىلەن:

granny ['græni], garden ['gɑːdn], without [wi'ðaut]

يۇقىرىقىلاردىكى [wi~][~dn][~ni] لار ئاجىز ئوقۇلىدىغان بوغۇملاردۇر.

### 4. چالا پارتلاش

ئادەتتە بىر پارتلىغۇچى تاۋۇش يەنە بىر پارتلىغۇچى تاۋۇش ياكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش بىلەن كەلگەندە پارتلاش ھالىتىگە ئۆتمىدۇ-يۇ، دەرھال كېيىنكى تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ ھال چالا پارتلاش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

A. red pen [red pen], doctor [ˈdɔktə] پارتلىغۇچى + پارتلىغۇچى

B. bad thing [bæd θiŋ] پارتلىغۇچى + سىيرىلاڭغۇ

### 5. ئۇلاپ ئوقۇش

مۇناسىۋەتتى بىر قەدەر زىچ بولغان سۆز بىرىكمىسى ياكى سۆزلەر تۈپى ئىچىدە ئەگەر ئالدىنقى سۆز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى سۆز سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بولسا، بۇ ئىككى تاۋۇش كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلاپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

He <u>has a</u> sister.

Please <u>have a</u> cup of tea!

## تاۋۇش ئويۇنلىرى

1. [i]، [ai] ئۈچۈن:

There is a kitten in the kitchen,
In the kitchen I fry the chicken.
A fly flies into the kitchen,
While I fry the chicken.

ئاشخانىدا بىر مۈشۈك بار،
مەن ئاشخانىدا توخۇ قورۇدۇم.
بىر چىۋىن ئاشخانىغا ئۇچۇپ كىردى،
مەن توخۇنى قورۇۋاتقاندا.

2. [ʌ] ئۈچۈن:

Mum, Mum, Mum,
The bus has come.

ئاپا، ئاپا، ئاپا،
ئاپتوبۇس كەلدى.

www.uyghurkitap.com

Come, come, come,
Here comes Mum.

كەلدى، كەلدى، كەلدى،
مانا ئاپام كەلدى.

3. [ə; ər] [ð] ئۈچۈن:

Father, mother, sister,
And my younger brother.
They all sit together,
Talking about the weather.

دادام، ئاپام، ئاچام،
ھەم كىچىك ئىنىم.
ئولتۇرۇپ بىللە،
پاراڭلاشماقتا ھاۋا توغرۇلۇق.

4. [æ] ئۈچۈن:

Cat, Cat, Cat,
Catch that fat rat.

مۈشۈك، مۈشۈك، مۈشۈك،
تۇتقىن ئاۋۇ سېمىز چاشقاننى.

5. [ɑ, ɔ:] ئۈچۈن:

Dog, dog, dog,
Sitting on a box.
Waiting for the frog,
Just for a talk.

ئىت، ئىت، ئىت،
ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ.
پاقىنى كۈتمەكتە،
پاراڭلىشىش ئۈچۈن.

6. [i:] ئۈچۈن:

You see, I'm a little bee,
Flying from the west to the east.
When you eat sweats with tea,
Don't forget me, don't forget me.

كۆردۈڭ، مەن ئۆزۈم بىر كىچىك ھەسەل ھەرىسى،
غەربتىن شەرققە ئۇچۇۋاتقان.
تاتلىقلارنى يېگەندە چاي بىلەن،
ئۇنتۇما مېنى، ئۇنتۇما مېنى.

7. [e] ۋە [s] [ʃ] ئۈچۈن:

She sells seashells by the seashore,
The shells she sells are seashells, I'm sure.
So if she sells seashells by the seashore,
Them, I'm sure the shells are seashells.

ئۇ قىز دېڭىز بويىدا قۇلۇلە ساتىدۇ،
مېنىڭچە ئۇنىڭ سېتىۋاتقىنى دېڭىز قۇلۇلىسى.
شۇڭا، ئەگەر ئۇ دېڭىز بويىدا قۇلۇلە ساتسا،
ئىشىمەنكى، ئۇلار چوقۇم دېڭىز قۇلۇلىسى.

8. [u:] [u] ئۈچۈن:

At noon I took a good book,
And sat by the pool in the wood.
I soon took off my boot,
And put my foot in the pool.
Oh! How cool the pool.

چۈشتە مەن قولۇمغا ياخشى بىر كىتاب ئېلىپ،
ئورمانلىقتىكى بىر كۆلچەك بېشىدا ئولتۇردۇم.
ئاندىن ئۆتۈكۈمنى سېلىپ پۇتۇمنى سۇغا تىقتىم،
ۋاھ! نېمانچە سوغۇق كۆلچەك بۇ.

9. [a:, ar] ئۈچۈن:

The sun is a star,
A big bright star.
That lives afar.

قۇياش بىر يۇلتۇزدۇر،
يورۇق، يوغان بىر يۇلتۇز.
يىراق بىر يەردە ياشاۋاتقان.

10. [ei] ئۈچۈن:

Rain, rain, go away,
Tom and Mary want to play.
Rain, rain, go away!
Come again another day.

يامغۇر، يامغۇر، كەت نېرى،
ئوينىماقچى توم بىلەن مەرى.
يامغۇر، يامغۇر، كەت نېرى،
كەلگىن باشقا بىر كۈنى.

11. [əu] ئۈچۈن:

The sun glows,
The wind blows.
The river flows,
And the time goes.

قۇياش نۇر چاچىدۇ،
شامال چىقىدۇ،
دەريا ئاقىدۇ.
ۋاقىت ئۆتىدۇ.

12. [w] ۋە [e] ئۈچۈن:

Walter was waiting, worrying and watching
The wet weather and the west wind,
Wondering whether the weather would be better tomorrow.

ۋولتېر كۈتمەكتە، ئەنسىرىمەكتە، قارىماقتا
نەمخۇش ھاۋاغا ۋە غەرب شامىلىغا،
ئەتە ھاۋا ياخشىراق بولارمۇ دەپ.

13. [ai] ئۈچۈن:

Mike likes to write by the nice bright light at night.

مايك كېچىدە گۈزەل چىراغ يورۇقىدا يېزىقچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

14. [ɔ:] ۋە [ɔ] ئۈچۈن:

The doctor's daughter knocked at the locked door.

دوختۇرنىڭ قىزى قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنى چەكتى.

15. [ə:] ۋە [r] ئۈچۈن:

The girls learnt world history in the first and third terms at the University.

بۇ قىزلار ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مەۋسۇمىدە دۇنيا تارىخىنى ئۆگەندى.

16. [ð]، [θ] ۋە [iə] ئۈچۈن:

"This" is used for one thing near,
"That" means one thing over there.
"These" and "those" mean two or three.
"Those" are far and "these" are near.

«بۇ» يېقىندىكى بىر نەرسە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ،
«ئاۋۇ» يىراقتىكى بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.
«ماۋۇلار» بىلەن «ئاۋۇلار» ئىككى ياكى ئۈچنى كۆرسىتىدۇ،
«ئاۋۇلار» يىراقنى «ماۋۇلار» يېقىننى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 1

## Summary ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Greetings سالاملىشىش**

**Instruction كۆرسەتمە**

(1) دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى:
1. Hello, my name is …
2. How do you do, Alim?
3. Where are you from?
4. I am fine. Thank you.

(2) مۇقىم ماسلىشىدىغان قۇرۇلما:
1. I am from …
2. Nice (glad) to meet you

(3) سالاملاشقاندىكى ئادەت سۆزلىرى:
1. Good morning (afternoon, evening)
2. How are you?

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تۈر سۆزلەر 5. سۆزلەر ئۈچۈن مىسال ۋە ئىزاھات

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

Don't Worry غەم قىلما

(ئىنگلىزچە قىسقا شېئىر)

«كۆڭۈل سوۋغىسى» دىكى سۆزلەر ۋە ئىزاھاتى

## Text تېكىست

Our Family بىزنىڭ ئائىلىمىز

## Grammar گىراماتىكا

1. ئىنگلىز تىلىدىكى be باغلامچى پېئىلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە (1) ؛
2. ئىنگلىز تىلىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى، كىشىلىك ئالماشلار ۋە ئىگىلىك ئالماشلار ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە (2) ؛
3. be پېئىلىغا ۋە كۆرسىتىش كىشىلىك ئالماشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەر ۋە جۈملە شەكىللىرى؛
4. be پېئىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما.

## Demand تەلەپ

1. دەرستىكى دىئالوگ ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ
2. دەرستىكى گىراماتىكا ۋە جۈملە شەكلى ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ
3. سۆزلۈك ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ

## Exercises مەشىق

1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق
2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق
3. تېكىست ۋە گىراماتىكا ئۈچۈن مەشىق
4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

ئاڭلاپ چۈشىنىش Listening Comprehension

1. سۆزلۈك    2. ئىزاھات

ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت Reminds and Adages

ئوقۇپ چۈشىنىش Reading Comprehension

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى دەرس Unit 1

## دىئالوگ Dialogue

### سالاملىشىش Greetings

مەيلى قايسى دۆلەتتە بولسۇن، باشقىلار بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ياكى تونۇشلار ئارا ئۇچراشقاندا ئاۋۋال سالاملىشىمىز، ئاندىن سۆھبەتنىڭ باشقا مەزمۇنلىرىغا يۆتكىلىمىز. ئىنگلىزلارنىڭ سالاملىشىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆگەنگەندە، مۇھىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە ۋە جۈملە شەكىللىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

**تۇنجى كۆرۈشكەندە**

A: Hello, My name is Alim.

B: Hello, My name is Jack.

A: Where are you from?

B: I am from America.

A: Nice to meet you.

B: Me too, thank you.

× × ×

A: How do you do, Jack?

B: How do you do, Alim?

www.uyghurkitap.com

## دوستلار بىلەن كۆرۈشكەندە

A: Hi! How are you?

B: Fine, thanks, and you?

A: Just fine. (Just so so, I'm very well )①

B: What are you doing now?

A: I am studying English.

## ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە كۆرۈشكەندە

A: Good morning! (Morning!)

B: Good morning! (Morning!)

× × ×

A: Good afternoon! (Afternoon!)

B: Good afternoon! (Afternoon!)

× × ×

A: Good evening! (Evening!)

B: Good evening! (Evening!)

## تاساددىپىي كۆرۈشۈپ قالغاندا

A: It's a small world!

B: Indeed, It is.

A: What luck!

B: Me, too.

## دىئالوگدىكى سۆزلەر

1. greeting [ˈgriːtiŋ]n. سالاملىشىش
2. name [neim] n. ئىسىم (nameless → نامسىز)

---

① تىرناق ئىچىگە ئېلىنغىنى شۇ جۈملىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلسا بولىدىغان جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

3. is ['i:z] link *v.* بولسا

4. meet [mi:t] *v.* (كۆرۈشتى met، يىغىن ئېچىلىۋاتىدۇ meeting) كۆرۈشۈش

5. nice [nais] *adj.* بەلەن، ياخشى

6. thank [θæŋk] *v.* رەھمەت ئېيتىش، رەھمەت

7. how ['hau] *adv.* قانداق

8. do ['du:] *v.* ① سوئال جۈملە ياسايدۇ (قىلامسىز؟): ياردەمچى پېئىل ② قىلماق: مۇستەقىل پېئىل

9. Me too [mi:] [tu:] مەنمۇ شۇ

10. fine [fain] *adj.* ياخشى

11. just ['dʒʌst] *adj.* دەل، خېلى

12. good [gu:d] *adj.* ① خەيرلىك ② ياخشى

13. what [wɔ:t] *pron.* ① نېمە ② نەقەدەر

14. small [smɔ:l] *adj.* كىچىك

15. luck ['lʌk] *n.* (دىئالوگدا «تاساددىپىيلىق» دېگەن مەنىدە كەلگەن) بەخت، تەلەي، ئامەت

16. where [wεə(r)] *adv.* قەيەر، نە، قەيەردە

17. from [frɔm] *prep.* ... دىن، تىن

18. world [wə:ld] *n.* دۇنيا

## Instruction كۆرسەتمە

1. «Hello!» دېگەن سۆز «ياخشىمۇسىز!» دېگەن مەنىدە، بۇنىڭغا چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ سالىمىغا ماس ھالدا جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. قارشى تەرەپ «Hello!» دېگەندە «Good morning» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ، چوقۇم «Hello!» دېيىش كېرەك.

2. «How are you?» سالاملىشىش سۆزى، ئادەتتە قارشى تەرەپنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3. «Hi!» «ھەي، ياخشىمۇسەن!» دېگەن مەنىدە، تونۇشلار ئارا دېيىلىدۇ. مەنىسى «Hello»غا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئادەتتە، «Hi» دىن كېيىن

ئادەمنىڭ ئىسمى كېلىدۇ. مەسىلەن، «Hi, Tom» دېگەندەك، «Hello» نىڭ كەينىدىن «ئەپەندى» دېگەندەك سۆز بىللە كېلىدۇ.

4. «Thank you» «Thanks» بىلەن بىر مەنىدە. ئالدىنقىسىدا ھۆرمەت، تەكەللۇپ مەنىسى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

5. «خەيرلىك سەھەر ...» دېگەن شەكىلدىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچە ئىپادىلىگەندە «Good...» بىلەن باشلانغان جۈملىلەرنى ئىشلىتىمىز.

### دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

① Hello, my name is ...

بۇ، ئىنگلىز تىلىدىكى ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا دېيىلىدىغان سۆز، «is» ئۇيغۇرچىدىكى «بولسا» دېگەن سۆزگە ئۆدۈل كېلىدۇ، كېسىم خەۋەر بولىدۇ. she is «ئۇ بولسا» I am «مەن بولسام»، You are «سەن بولساڭ»، It is (نەرسىگە قارىتىلىدۇ) «ئۇ بولسا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى «is»، «am»، «are» لار be باغلامچى پېئىلىنىڭ ئوخشىمىغان شەخسلىك ئۆزگىرىش شەكىللىرى، ماھىيەتتە يىلتىزى بىر.

② How do you do?

بۇ جۈملە قارشى تەرەپتىن ئەھۋال سورىغاندا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ جۈملىدە ئىككى «do» بار. بىرىنچى «do» ياردەمچى پېئىل بولۇپ، سوئال جۈملە ياساش رولى بار، ئىككىنچى «do» مۇستەقىل پېئىل بولۇپ، «قىلىش» دېگەن مەنىدە. What do you do? (سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟) دىمۇ do نىڭ رولى يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ.

③ Where are you from?

قارشى تەرەپنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەندە ئوخشىمىغان شەخسكە قاراپ «I am from ...»، «He is from ...»، «You are from ...» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

④ I am fine.

بۇ، «ياخشىمۇ سىز!»، «تىنچلىقمۇ!» دېگەن سوئالغا «ياخشى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋاتىمەن» ، «تىنچلىق» دېگەن مەنىدە جاۋاب بېرىلىدىغان مۇقىم جۈملە شەكلى. He is fine (ئۇ ياخشى) (سىنىڭ ئەھۋالىڭ ياخشى) You are fine.

## مۇقىم ماسلىشىدىغان قۇرۇلما

① I am from … …دىن كەلدىم

«from» نىڭ «دىن، تىن» دېگەن مەنىسى بار جۈملىدە «كەل» دېگەن مەنە am بىلەن from نىڭ قوشۇلىشىدا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

I am from America / China / Japan / England.

② Nice to meet you. سىزنى كۆرگەنلىكىمگە خۇشالمەن

بۇ ئەسلى «it is nice to meet you» . دېگەن جۈملە بولۇپ ئېغىز تىلىدا «it is» چۈشۈپ قالىدۇ. «to» دېگىنى «غىلى، قىلى، … ىگىنىمگە، ىغىنىمغا» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىلنىڭ بىرخىل چەكلىمىسىز شەكلىنىڭ بەلگىسى. مەسىلەن:

Glad to meet you. سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن

I came to meet you. سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

## سالاملاشقاندىكى ئادەت سۆزلىرى

① Good morning! خەيرلىك سەھەر! ياخشىمۇسىز؟

ئەتىگەندىن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا دېيىلىدۇ.

② Good afternoon! (چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، ياخشىمۇسىز؟)

چۈشتىن كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا دېيىلىدۇ. بۇ يەردە «good» «خەيرلىك» دېگەن مەنىدە.

③ Good evening! (ياخشىمۇسىز، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن!)

كەچلىك تاماقتىن كېيىن دېيىلىدۇ. ئۇخلاش ئالدىدا «Good night» (خەيرلىك كەچ) دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزئارا كۆرۈشكەندە دېيىلىدىغان باشقا جۈملىلەر①
(مۇشۇ دەرسنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن)

## سۆز گۈلزارى Word Garden

سۆز ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئۆگەنگەندە سۆزلۈك يادلاشتا قىينىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلۈكلەرنى ئوڭاي ئەستە قالدۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر نەچچە خىل ئۇسۇل بويىچە سۆز بېرىلدى. سۆز جۈملە ئىچىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگەنگەن سۆزلۈكلەرگە ماس كېلىدىغان جۈملە تۈزۈپ مېڭىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئۆگەنگەندە شۇ سۆزلەرنى پىششىق ئەستە قالدۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

**قاپىيىلىك سۆزلەر:** ئاھاڭى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان سۆزلەردۇر. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھەم ئوقۇش قائىدىسىنى ئىگىلىگىلى، ھەم سۆزلەرنى لوگىكىلىق باغلىنىش بويىچە ئەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ.

**ئورتاق سۆزلەر:** ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ئارقىلىق ۋە بىۋاستە كىرگەن، مەنىسى ئورتاق، لېكىن ئاھاڭى سەل - پەل پەرقلىنىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**قارىمۇ قارشى سۆزلەر:** مەنىسى بىر - بىرىگە زىت بولغان سۆزلەردۇر. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ لوگىكىلىق ئەسلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

**تۈر سۆزلەر:** مەلۇم بىر تۈر ياكى دائىرىگە كىرىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەم، شەيئى، ئەرسىلەر ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنگلىزچە مەنىسىگە نىسبەتەن سىستېما پەيدا قىلىشىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلۈك بايلىقىنىڭ ئېشىشىغا ماس ھالدا كېيىنكى دەرسلەردە «مەنىداش سۆزلەر» ، «ھەمجۈپ سۆزلەر» تۈركۈمى قوشۇلىدۇ.

① ئۆزئارا سالاملاشقاندا دېيىلىدىغان جۈملىلەر دىئالوگدا كۆرسىتىلگىنى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ئۆگەنگەندە بېسىم قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ قىسىم دەرس ئاخىرىغا بېرىلدى.

## قاپىيىلىك سۆزلەر

(دىئالوگدا ئۇچرىغان سۆزلەر ئاساسىدا كېڭەيتىلدى)

(1) good [gu:d] *adj.* ياخشى food [fu:d] *n.* يېمەكلىك

mood [mu:d] *n.* كەيپىيات

(2) name [neim] *n.* ئىسىم fame [feim] *n.* ئابروي

game [geim] *n.* ئويۇن same [seim] *adj.* ئوخشاش

came [keim] *v.* كەلدى («come» دېگەن پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)

(3) nice [nais] *adj.* بەلەن mice [mais] *n.* چاشقانلار

ice [ais] *n.* مۇز rice [rais] *n.* گۈرۈچ، گۈرۈچ تامىقى

vice [vais] *adj.* مۇئاۋىن

(4) fine [fain] *adj.* ياخشى nine [nain] *n.* توققۇز

line [lain] *n.* يول، لىنىيە mine [main] *pron.* مېنىڭكى

dine [dain] *v.* تاماقلانماق pine [pain] *n.* قارىغاي

(5) meet [mi:t] كۆرۈشمەك، *v.* (ئۆتكەن زامان شەكلى met)

feet [fi:t] پۇتلار *n.* (foot، پۇت، نىڭ كۆپلىكى)

(6) noon [nu:n] *n.* چۈش soon [su:n] *adv.* پات ئارىدا

moon [mu:n] *n.* ئاي

(7) do [du:] (did [d:d]; done [dʌn]) ① قىلىش؛ ②…قىلامسىز؟

no [nəu] *a.* يوق، ياق، …ئەمەس go [gəu] *v.* …غا بېرىش؛ كېتىش

to [tu] ①*prep.* …غا ② *adv.* …غىلى، قىلى …قىلىش ئۈچۈن

so [səu] *adv.* شۇڭا

(8) how [hau] *adv.* قانداق bow [bəu] تەزىم قىلماق

cow [kau] *n.* ئىنەك، سىيىر low [ləu] *a. adj.* تۆۋەن، پەس

now [nau] *adj. n.* ھازىر row [rəu] *n.* قاتار، رەت

show [ʃəu] *v.* كۆرسەتمەك، ئىپادىلىمەك sow [səu] *n.* تېرىماق

## ئورتاق سۆزلەر

① club [klʌb] *n.* كۇلۇب ② radio [reidiəu] *n.* رادىئو

③ television [televiʒən] *n.* تېلېۋىزور (ئېغىز تىلىدا TV دېيىلىدۇ)

④ film [fi:lm] *n.* فىلىم ⑤ music [mju:zik] *n.* مۇزىكا

⑥ normal [nɔ:məl] *adj.* نورمال

## تۇر سۆزلەر

(كىشىلىك ئالماش ۋە كۆرسىتىش ئالماشلار)

| | |
|---|---|
| ① I (am) [ai] | مەن (بولسام) |
| ② you [ju:] *are* | سەن (بولساڭ) سىلەر (بولساڭلار) |
| ③ she (is) [ʃi:] | ئۇ (بولسا) (她) |
| ④ he (is) [hi:] | ئۇ (بولسا) (他) |
| ⑤ we (are) [wi:] | بىز (بولساق) |
| ⑥ they (are) [ðei] | ئۇلار (بولسا) … |
| ⑦ it (is) [it] | ئۇ (بولسا)… (它) |
| ⑧ this [ðis] | بۇ |
| ⑨ that [ðæt] | ئاۋۇ |
| ⑩ these [ði:z] | ماۋۇلار، بۇلار |
| ⑪ those [ðəuz] | ئاۋۇلار |

## قارىمۇ قارشى سۆزلەر

(دىئالوگدىكى ۋە سۆز گۇلزارىدىكى قارشى مەنىسى

تېپىلىدىغان سۆزلەر ئاساس قىلىندى)

| | |
|---|---|
| ① good ↔ bad [bæd] | ياخشى ↔ ناچار |
| ② small ↔ big [smɔ:l] [big] | چوڭ ↔ كىچىك |
| ③ fine, nice ↔ bad | بەلەن، پەيزى ↔ ئەسكى، ناچار |
| ④ this ↔ that | بۇ ↔ ئاۋۇ |
| ⑤ normal ↔ abnormal [ˈæbnɔ:məl] | نورمال ↔ بىنورمال |
| ⑥ low ↔ high [hai] | پەس ↔ ئېگىز |

⑦ mine ↔ yours [jɔːz] — مېنىڭكى ↔ سېنىڭكى

⑧ no ↔ yes [jes] — ياق ↔ ھەئە

⑨ go ↔ come — كېتىش ↔ كېلىش

## «سۆز گۈلزارى»غا مۇناسىۋەتلىك ئىزاھات

1) «سۆز گۈلزارى» «good، bad، small، fine، nice، big» قاتارلىق كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم سۆپەتلەر تونۇشتۇرۇلدى. ئىنگلىز تىلىدا ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرما ۋە سېلىشتۇرما دەرىجىسى بار. قائىدىسى: تاق بوغۇملۇق سۆپەتلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاشۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن «-est»، سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن «er» قېتىلىدۇ. بۇنداق سۆپەتلەر قائىدىلىك سۆپەتلەر دېيىلىدۇ. (كۆپ بوغۇملۇق سۆپەتلەردە ئەھۋال باشقىچە) يەنە بىر قىسىم سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ۋە سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن ئايرىم ئۆزگەرگەن شەكلى بار. بۇنداق سۆپەتلەر قائىدىسىز سۆپەتلەر دېيىلىدۇ.

### بۇ دەرستىكى قائىدىلىك تاق بوغۇملۇق سۆپەتلەر

| ئەسلى شەكلى | | سېلىشتۇرما دەرىجىسى (er) | | ئاشۇرما دەرىجىسى (+est) | |
|---|---|---|---|---|---|
| small | كىچىك | smaller | كىچىكرەك | smallest | ئەڭ كىچىك |
| fine | ياخشى | finer | ياخشىراق | finest | ئەڭ ياخشى |
| nice | بەلەن | nicer | بەلەنرەك | nicest | ئەڭ بەلەن |
| big | چوڭ | bigger | چوڭراق | biggest | ئەڭ چوڭ |

### بۇ دەرستىكى قائىدىسىز سۆپەتلەر

| ئەسلى دەرىجە | | سېلىشتۇرما دەرىجە | | ئاشۇرما دەرىجە | |
|---|---|---|---|---|---|
| good | ياخشى | better | ياخشىراق | best | ئەڭ ياخشى |
| bad | ناچار | worse | ناچارراق | worst | ئەڭ ناچار |

(2) «سۆز گۈلزارى» دا «foot (پۇت)، mouse [maus] چاشقان» قاتارلىق ئىككى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى (feet، mice) بېرىلدى. ئادەتتە كۆپ ئەھۋاللاردا ئىنگلىز تىلىدىكى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملارغا بىرلىك

ئىسىمدىن كېيىن «s» قوشۇمچىسى قاتسا «لار، لەر...» مەنىسىدىكى كۆپلۈك شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

desk → desks, pen → pens

(قەلەملەر) (قەلەم) (پارتىلار) (پارتا)

لېكىن يۇقىرىقى ئىككى ئىسىمدەك ئايرىم ئۆزگىرىدىغان ئاز ساندىكى ئىسىملار بار. بۇنداق ئىسىملار قائىدىسىز ئىسىملار دېيىلىدۇ.

3) «سۆز گۈلزارى» دا «do، go، come، meet، show» قاتارلىق پېئىللار تونۇشتۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قائىدىسىز پېئىللاردۇر. (ئاخىرىغا ئۆتكەنكى ھەرىكەت مەنىسى ئۈچۈن ed — قاتقىلى بولمايدىغان پېئىللار) ئىنگلىز تىلىدا زور كۆپ ساندىكى پېئىللار قائىدىلىك (ئاخىرىغا ed قاتقىلى بولىدۇ.) ئاز بىر قىسىم پېئىللار قائىدىسىز. لېكىن، قىززىق يېرى، بۇ پېئىللار كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پېئىللاردۇر.

مەسىلەن: قائىدىلىك پېئىللار (+ed)

play، played، bow، bowed,

(تەزىم قىلدى) (تەزىم قىلىش) (ئوينىدى) (ئوينىماق)

قائىدىسىز پېئىللار

(قىلدى) did، (قىلىش) do، (كەلدى) came، (كېلىش) come

(بۇ ھەقتىكى بىلىملەر ئۈچۈن بەتكە قارالسۇن)

4) «سۆز گۈلزارى» دىكى «how» بىلەن «low، row، bow» قاتارلىق سۆزلەر قاپىيىداش بولسىمۇ، تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ سۆزلەرنىڭ ترانسىپكرىپسىيىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

مەسىلەن: how[hau]، low[ləu]، row[rəu]، bow[bəu]

## كۆڭۈل سوۋغىسى

تۆۋەندىكى ئىنگلىز شائىرلىرىنىڭ قەلىمىدىن چىققان قىسقا، ئەمما مەزمۇنلۇق شېئىر بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىز تۇرمۇشتا ئۇزلۇكسىز تىرىشىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز غەم يەپ يۇرمەسلىكىمىز كېرەك.



www.uyghurkitap.com

## Don't worry غەم قىلما

Don't worry if your job is small,
And your rewards are few.
Remember that the mighty oak,
Was once a nut like you.

غەم قىلما خىزمىتىڭ ئاددىي بولسا گەر،
غەم قىلما كىرىمىڭ ئاز بولسىمۇ بەك.
ئەستە تۇت، ئاشۇ زور كاۋچۇك دەرىخى،
بىر كۆچەت ئىدىغۇ بىر چاغلار سەندەك.

| | |
|---|---|
| remember … to … | … غا سالام يوللىماق |
| remember [ri'membə] *v.* | ئەستە تۇتماق، ئەسلىمەك |
| membership ['membəʃip] | ئەزالىق (سالاھىيىتى) |
| member ['membə] | ئەزا |
| worry about | … دىن غەم قىلماق |
| worry ['wʌri] *n.* | غەم قىلىش *v.* غەم |
| lorry ['lɔri] | يۈك ماشىنىسى |
| sorry ['sɔri] *a.* | كەچۈرۈڭ، پەرىشان |
| like [laik] *a.* | ئوخشاشلىق likeness … غا ئوخشاش |
| once [wʌns] *adj.* | بىر قېتىم *n.* بىر چاغلاردا |
| mighty ['maiti] *a.* | يوغان، غايەت زور |
| if [if] | ئەگەر، مۇبادا |
| oak [əuk] | كاۋچۇك دەرىخى |
| rob [rɔb] | بۇلاش |
| job [dʒɔb] *n.* | خىزمەت |
| ward [wɔːd] | قوغدىماق |
| reward [ri'wɔːd] *n.* *v.* | ھەق، مۇكاپات |
| few [fjuː] *a.* *pron* | ئەرزىمەس، ئاز ساندىكى، ئاز |
| peanut ['piːnʌt] *n.* | يەر ياڭىقى (خاسىڭ) |
| nut [nʌt] *n.* | ياڭاق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورداكى ئادرېسى

## Text تېكىست

### Our family

You are my older brother, I am your younger brother. She is our mother, he is our father. They are our grandfather and grandmother. We are very happy in our family. I don't have any sisters.

### Words سۆزلەر

1. my [mai] *pron.* (I نىڭ ئىگىلىك شەكلى) مېنىڭ
2. your [juə] *pron.* (you نىڭ ئىگىلىك شەكلى) سېنىڭ
3. our ['auə] *pron.* (we نىڭ ئىگىلىك شەكلى) بىزنىڭ
4. older brother [ɔːld 'brʌðə] *n.* ئاكا
5. younger brother ['jʌŋgə 'brʌðə] *n.* ئىنى
6. mother ['mʌðə] *n.* ئانا other ['ʌðə] *a.* باشقا
7. grandmother ['grænd mʌðə] *n.* موما
8. father ['fɑːðə] *n.* دادا
9. grandfather ['grænd'fɑːðə] *n.* بوۋا
10. grand [grænd] *a.* مۇھىم، چوڭ and [ænd] ۋە، بىلەن
11. very ['veri] *adj.* ناھايىتى every ['evri] *a.* ھەر بىر
12. happy ['hæpi] *a.* بەختلىك، (→ glad) خۇشال
    unhappy [ʌn'hæpi] *n.*
    (un مەنىنى ئىنكار قىلىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە) پەرىشان
13. in [in] *prep.* (ۋاقىت، ئورۇن، ئەھۋال ئۈچۈن)... دا، ...نىڭ ئىچىدە
    inn [in] *n.* (ئوقۇلۇشى in بىلەن ئوخشاش) كىچىك مېھمانخانا، ئۆتەڭ
14. family ['fæmili] *n.* ئائىلە
15. don't have [dɔn't] يوق
16. any [æni] *pron.* ھېچبىر
17. sister ['siːstə] ئاچا - سىڭىل

## تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

1. تېكىستتە ئاساسلىقى باغلامچى پېئىل be (ئۆزگىرىش شەكىللىرى (am ، are ، was/is ، were) نىڭ كىشىلىك ئالماش (I ، You ، She ، he ، we ، they) لار بىلەن ماسلىشىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر ئائىلە ئەزالىرى تونۇشتۇرۇلدى.

2. تېكىستنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوقۇغۇچىلارغا be پېئىلىنىڭ ئوخشىمىغان شەخستىكى ئۆزگىرىشىنى ئۆگىتىش.

3. تېكىستنىڭ سۆزلۈك جەھەتتىكى مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە كىشىلىك ئالماش، ئىگىلىك ئالماش (my ، your ، our) لارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆگىتىش.

4. ئىجادىيلىق تەلىپى: ئوقۇغۇچىلار تېكىستنىڭ يۇقىرىقى قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ، be پېئىلى (am ، are ، is) بىلەن كىشىلىك ئالماشلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى تونۇشتۇرغان بىر تېكىست تۈزسە بولىدۇ.

## گرامماتىكا Grammar

### 1. be باغلامچى پېئىلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ( I )

be پېئىلى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال، تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما جۈملىلەردىن بىر قانۇنىيەتنى ھېس قىلىڭلار. (سىزىق سىزىلغان يەرگە دىققەت قىلىڭلار)

a. I am a student. 我是一个学生。 مەن ( بولسام ) بىر ئوقۇغۇچى.

b. You are a student. 你是一个学生。 سەن ( بولساڭ ) بىر ئوقۇغۇچى.

c. He(she) is a student. 他(她)是一个学生。 ئۇ ( بولسا ) بىر ئوقۇغۇچى.

d. We(they,you) are students. 我们(他们,你们)是学生。 بىز (ئۇلار، سىلەر) ئوقۇغۇچى.

1) يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى am ، are ، is قاتارلىقلار باغلامچى پېئىل بولۇپ، be نىڭ ئۆزگىرىش شەكىللىرى. دېمەك، ئىنگلىز تىلىدا كېسىم خەۋەر ھاسىل قىلىدىغان (خەنزۇ تىلىدىكى «是» غا ئۇدۇل كېلىدىغان) be دىن ئىبارەت باغلامچى پېئىل بار. ئۇنىڭ رولى جۈملىنىڭ باش - ئاخىرىنى بىر- بىرىگە باغلاش، ئۇيغۇرچىدا ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئۇدۇل كېلىدىغان «بولسا» دېگەن سۆز تولا ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ.

2) be پېئىلى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتە ئايرىم-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تور بېكىتى

ئايرىم ئۆزگىرىدۇ. ئۈچىلا شەخسنىڭ كۆپلۈكىدە «are» دەپ بىر خىللا ئۆزگىرىدۇ.

a. I am happy/a student. — مەن خۇشال / بىر ئوقۇغۇچى.

b. You are happy/a student. — سەن خۇشال / بىر ئوقۇغۇچى.

c. She(he) is happy/a student. — ئۇ خۇشال / بىر ئوقۇغۇچى.

d. They(we, you) are studens. — ئۇلا (بىز، سىلەر) ئوقۇغۇچىلار.

دىققەت: «we» كۆپلۈك بولغىنى ئۈچۈن stu ent تىن كېيىن «s» كۆپلۈك قېتىلدى.

3) «سەن» (you) ئۈچۈن ۋە بارلىق كۆپلۈك شەخسلەر (we, they) ئۈچۈن ئوخشاشلا «are» ئىشلىتىلىدۇ. «سەن» بىلەن «سىلەر» گە «are» كېلىدۇ.

You are happy. — سەن خۇشال.

You are happy. — سىلەر خۇشال.

دىققەت: You ھەم «سەن، سىز»، ھەم «سىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4) be پېئىلدىن كېيىن ئىسىم (student، father قاتارلىقلار) كەلسە ۋە سۈپەت (happy، good، bad) كەلسە بولىدۇ.

a. I am a student. /boy(بالا) /girl/(قىز) (ئىسىم كېلىدۇ)

b. I am very happy/good/bad/nice/fine (سۈپەت كېلىدۇ)

## 2. ئىنگلىز تىلىدىكى كىشىلىك ئالماش، كۆرسىتىش ئالماش، ئىگىلىك ئالماش ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە

1) ئىنگلىز تىلىدىكى كىشىلىك ئالماشلارنىڭ باش كېلىش شەكلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ:

بىرىنچى جەدۋەل

| | بىرلىك شەكلى | | | كۆپلۈك شەكلى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | I شەخس | II شەخس | III شەخس | I شەخس | II شەخس | III شەخس |
| باش كېلىش شەكلى | I | you | he, she, it | we | you | they |
| تەرجىمىسى | مەن | سەن، سىز | ئۇ، ئۇ، ئۇ 他，她，它 | بىز | سىلەر | ئۇلار |

كىچىككىنە قائىدە: ① يۇقىرىقى كىشىلىك ئالماشلار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلسە بولىدۇ. ② «سەن» بىلەن «سىلەر» ئۈچۈن ئوخشاشلا «you» ئىشلىتىلىدۇ. ③ ئەرنى، ئايالنى ۋە نەرسىنى كۆرسىتىدىغان «ئۇ» نىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «he، she، it» دېگەندەك ئۆزگىرىش شەكىللىرى بار. ④ كىشىلىك ئالماشلارنىڭ باش كېلىش شەكلىنى ئىگە ئورنىدا، چۈشۈم كېلىش شەكلىنى تولدۇرغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىمىز. (چۈشۈم كېلىش شەكلىنى كېيىنكى دەرستە چۈشەندۈرىمىز.)

I like him. — مەن ئۇنى ياقتۇرىمەن.

He likes me. — ئۇ مېنى ياقتۇرىدۇ.

«him» - «ئۇنى» دەپ، «me» - «مېنى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

2) كۆرسىتىش ئالماشلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ كېلىدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ be پېئىلىنىڭ ۋارىيانتى is، are بىلەن ماسلىشىش شەكلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك:

ئىككىنچى جەدۋەل

| | بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
|---|---|---|
| يېقىندىكىنى كۆرسىتىدىغىنى | a. this is(a book) | a. these are (books) |
| يىراقتىكىنى كۆرسىتىدىغىنى | b. that is (a book) | b. those are (books) |
| تەرجىمىسى | a. بۇ بولسا(بىر كىتاب)<br>b. ئاۋۇ بولسا(بىر كىتاب) | a. بۇلار كىتابلار.<br>b. ئاۋۇلار كىتابلار. |

يۇقىرىقى كۆرسىتىش ئالماشلار ئادەمنى كۆرسەتكەندە، شۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

This is my father, that is my mother.

بۇ مېنىڭ دادام، ئاۋۇ مېنىڭ ئانام.

3) ئىگىلىك ئالماشلارنىڭ ئىنگلىز تىلىدا سۈپەت خاراكتېرلىك ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك ئىككى خىل شەكلى بار (تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى):

www.uyghurkitap.com

### ئۈچىنچى جەدۋەل

| مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ (他的) | ئۇنىڭ (她的) | ئۇنىڭ (它的) | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| my | your | his | her | its | our | your | their |
| مېنىڭكى | سېنىڭكى | ئۇنىڭكى | ئۇنىڭكى | ئۇنىڭكى | بىزنىڭكى | سىلەرنىڭكى | ئۇلارنىڭكى |
| mine | yours | his | hers | its | ours | yours | theirs |

سۈپەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ. «كىمنىڭ» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولىدۇ. جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ.

This is my book. — That is his book.

بۇ مېنىڭ كىتابىم. — ئاۋۇ ئۇنىڭ كىتابى.

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش ئىگە، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولالايدۇ. ئۇيغۇرچىدە سۈپەت خاراكتېرلىك ئالماشنىڭ كەينىدىن «ياكى» قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مېنىڭكى ئاق قەلەم. Mine is a white pen :(ئىگە)

ئاق قەلەم مېنىڭكى. The white pen is mine. :(كېسىم خەۋەر)

مېنىڭكىنى ئىشلىتىڭ! Please use mine. :(تولدۇرغۇچى)

### 4. be پېئىلىغا ۋە كىشىلىك، كۆرسىتىش، ئىگىلىك ئالماشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە ۋە جۈملە شەكىللىرى

كۆرسەتمە: سۈپەتلەر: happy، fine، good، nice، bad، glad، unhappy، normal، small، big، low، high

ئىسىملار: student، mother، father، sister، older brother، desk، pen، book

ئالماشلار: شەخس ئالماش: (I، you، she، he، we، they، you)

كۆرسىتىش ئالماش: (this، that، these، those)

ئىگىلىك ئالماش: (my، your، her، his، their

(your ، our

1) «سۈپەت + be (is، are، am)» قۇرۇلمىسىدىكى جۈملە شەكىللىرى:

(سۈپەت كەلسە بولىدۇ)

① I am
② You are
③ She is (he is)
④ They are(we are,you are)

happy, glad, nice, fine, good, bad, unhappy

(بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ جۈملىدە ئالمىشىپ كېلەلەيدۇ. ئالماشتۇرۇڭلار)

مەسىلەن: I am happy / glad/ nice/ fine/ good ···

2) «be (is، are، am)» قۇرۇلمىسىدىكى جۈملە شەكىللىرى

(ئىسىم كەلسە بولىدۇ)

① I am +
② You are +
③ She is (he is) +

a father, a mother, older brother, younger brother, sister, student

(بۇ سۈپەتلەر be دىن كېيىن ئالماشسا بولىدۇ)

④ They(we,you)are+Alim's

older brothers, younger brothers, sisters, students

①، ②، ③ خىل جۈملىنىڭ تەرجىمىسى «مەن/سەن/ئۇ ئالىمنىڭ دادىسى / ئانىسى/ ئاكىسى ···» دېگەن شەكىلدە چىقىدۇ.

④ خىل جۈملىنىڭ تەرجىمىسى «ئۇلار (بىز، سىلەر) ئالىمنىڭ ئاكىلىرى/ ئىنىلىرى/ ھەدىلىرى/ ئوقۇغۇچىلىرى» دېگەن شەكىلدە چىقىدۇ.

3) «① ئىسىم / ② سۈپەت + be پېئىلى + كۆرسىتىش ئالماش» قۇرۇلمىسىدىكى جۈملە شەكىللىرى:

① سۈپەت ئۈچۈن This is (that is, these are, those are) big / small / high

بۇ خىلدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ تەرجىمىسى «بۇ/ئاشۇ/بۇلار/ئاشۇلار / يوغان/ ئېگىز···» دېگەندەك شەكىلدە چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىسىم ئۈچۈن ② This is (that is) + a(desk, pen, book)
These are (those are) + (desks, pens, books)

بۇ خىلدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ تەرجىمىسى «بۇ/ئاۋۇ بولسا پارتا/قەلەم/كىتاب» دېگەن شەكىلدە ۋە «بۇلار/ئاۋۇلار بولسا پارتىلار/ قەلەملەر/كىتابلار» دېگەن شەكىلدە چىقىدۇ.

4) «ئىسىم + ئىگىلىك ئالماش + be پېئىلى» قۇرۇلمىسىدىكى جۈملە شەكىللىرى

① This is (that is) — my / your / her / his / our / their / your — book, pen / desk, student / sister

«بۇ/ئاۋۇ مېنىڭ قەلىمىم...»

② Those are (These are) — my / our, your / your, her / their — books, pens, desks, students, sisters

ئاۋۇلار (بۇلار) مېنىڭ قەلەملىرىم ...

5) ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماشلار + be پېئىلى» قۇرۇلمىسىدىكى جۈملە شەكىللىرى

① This (that) book, desk, pen is — mine, yours, his, hers, ours, yours, theirs

② These (those) books, desks, pens are — mine, yours, his, hers, ours, theirs

بۇ كىتاب ... مېنىڭكى / سېنىڭكى / ...
بۇ كىتابلار / ئاۋۇ كىتابلار ... مېنىڭكى / سېنىڭكى / ...

**Deman** **تەلەپ**

**1. دەرستىكى دىئالوگ ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ**

1) ئوقۇغۇچى «سالاملىشىش» دېگەن تېما ئاستىدا بۇ دەرستىن كەم دېگەندە 10 جۈملىنى پىششىق يادلىشى ،ۋە ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك.

2) سالاملاشقاندا چوقۇم تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە؛ تونۇشلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە كۆرۈشىدىغان جۈملىلەرنى ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇس، مەنە جەھەتتىكى پەرقىنى ئىگىلەش كېرەك.

3) «سالاملىشىش» تا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش كېرەك.

4) دەرسنىڭ ئاخىرىدا تېز ئوقۇپ ئۆتىدىغان مەزمۇن ئورنىدا ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدىكى «سالاملىشىش» قا مۇناسىۋەتلىك تىپىك، جانلىق جۈملىلەر بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ تېما بويىچە ئۆزىنىڭ «ئېغىز تىلى لۇغىتى» نى تۈزۈشىنى تەشەببۇس قىلىمىز.

**2. دەرستىكى گراماتىكا ۋە جۈملە شەكلى ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ**

1) بۇ دەرسنىڭ گراماتىكا قىسمىدا be پېئىلى ۋە ئالماشنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تۈرلىرى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە بېرىلدى؛ جۈملە شەكلى قىسمىدا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە نۇسخىلىرى كۆرسىتىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئائىلە ئەزالىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆزى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى be پېئىلى ۋە ئالماشلارنىڭ ياردىمىدە ئىپادىلەپ باقسا بولىدۇ.

2) «ئۇ (مەلۇم كىشى) ··· ياخشى (مانداق)» شەكلىدە تۈزۈلگەن قىسقا جۈملىلەردىن 10 نى تېپىپ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش كېرەك.

**3. دەرستىكى سۆزلۈك ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ**

1) چەت ئەل تىلىنى يېڭى ئۆگىنىدە خام سۆزلەرنى ئەستە قالدۇرۇش ئوقۇغۇچىلارغا بەك تەس تۇيۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن سۆز يادلاش ئۇسۇللىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشى ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا سۆز يادلاش ئۇسۇلىنى باشتىن باشلاپ

يېتىلدۈرۈشى كېرەك. سۆزنى قالايمىقان ئۆگىنىش سىزنى تىل ئۆگىنىش جەريانىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ.

2) ئوقۇغۇچىلار 2- دەرسكە ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئائىلە ئەزالىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ۋە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئالماشلارنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى كېرەك. (كېيىنكى دەرسلەردە ئۇچرىسا ئىزاھات بېرىلمەيدۇ)

3) ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسى بىلەن بولغان ئاھاڭ جەھەتتىكى پەرقىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## مەشىق

### 1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1) ئىنگلىز تىلىنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان ئالىم مەكتەپكە كېتىۋېتىپ بىر ئامېرىكىلىق بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى بىر ئىشلەتكۈسى كەلدى - دە، تونۇشۇش مەقسىتىدە ھېلىقى ئامېرىكىلىق بىلەن يانداپ يۈرۈپ سۆزلەشتى. چەت ئەللىك ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە قىزغىن ئىنكاس قايتۇردى. ئەمدى تۆۋەندىكى تەلەپنى ئورۇنداڭ:

① ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق جۈملىلەر دېيىلىشى مۇمكىن؟ (بىر ساۋاقدىشىڭىز بىلەن بۇ دىئالوگنى ئورۇنداڭ، كەم دېگەندە 6 جۈملە چىقىش كېرەك)

② ئالىم ئامېرىكىلىق بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. ئۇنداق بولسا ئۇ تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسىنى دېسە بولىدۇ؟ قايسىلىرىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتسە دېگەندەك مۇۋاپىق كەلمەيدۇ؟

A. Hello, my name is Alim.
B. How are you?
C. Hi, what have you been doing?
D. How do you do?

1. تۇنجى كۆرۈشۈشتە دېسە بولمايدىغىنى:
2. تۇنجى كۆرۈشۈشتە دېسە بولىدىغىنى:

2) دىئالوگدىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە ئېغىزچە تەرجىمە قىلىڭلار. (يېزىپ تەرجىمە قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ)

① خەيرلىك سەھەر!
② خەيرلىك كەچ!
③ سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟
④ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن.
⑤ يېقىندىن بۇيان نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرسىز؟
⑥ دۇنيا نېمىدېگەن كىچىك ـ ھە!

## 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1) تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنغا سۆزلۈك گۈلزارىدا ئۆگەنگەن سۆزلەردىن ماس كېلىدىغىنىنى تېپىپ تولدۇرۇڭلار.

① good, food, mood/ television, club, music

a. This (مۇزىكا) is very (ياخشى). بۇ مۇزىكا بەك ياخشى.

b. Polo is Uyghur's (ياخشى تاماق)

پولو — ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى تامىقى.

c. I am in no (زوق) for watching (تېلېۋىزور)

تېلېۋىزور كۆرۈشكە زوقۇم يوق. watch ← كۆرۈش (تېلېۋىزور)

② nice, mice, rice, vice/boy, girl, father, mother, director

a. He is a very (ياخشى بالا) a. ئۇ بەك ياخشى بالا

b. My mother doesn't like (گۈرۈچ تامىقى)

b. مېنىڭ ئانام گۈرۈچ تامىقىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

c. His father is a (مۇئاۋىن دىرېكتور)

c. ئۇنىڭ دادىسى مۇئاۋىن دىرېكتور.

d. This girl likes (چاشقانلار). d. بۇ قىز چاشقانلارغا ئامراق.

③ show, how, low, now/go, do, no, please

a. Please (قىلىڭ) this (ھازىر) a. ھازىر بۇنى قىلىڭ.

b. Please (كۆرسىتىڭ) (قانداق) you do it

b. ئۇنى قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىڭ.

c. (ياق) , I want to (كەتكۈم بار، كېتىش)

c. ياق، مېنىڭ كەتكۈم بار.

2) تۆۋەندە ئاۋۋال بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىنگلىزچە سۆزلەر، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى بېرىلدى. قارىمۇ قارشى سۆزلەرنى تېپىپ، ئۇيغۇرچىسىنىڭ يېنىغا يېزىڭلار.

good, small, this, normal, low, mine, yes, come, no, high, yours, abnormal, that, big, bad, go

| ئۇيغۇرچىسى | ئىنگلىزچىسى |
|---|---|
| ① ئەسكى (ناچار) ↔ ياخشى | |
| ② بىنورمال ↔ نورمال | |
| ③ سېنىڭكى ↔ مېنىڭكى | |
| ④ ئاۋۇ ↔ بۇ | |
| ⑤ كېتىش ↔ كېلىش | |
| ⑥ ئېگىز ↔ پەس | |
| ⑦ ياق ↔ ھەئە | |
| ⑧ كىچىك ↔ چوڭ | |

3) تۆۋەندە بېرىلگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن قايسىلىرى ئىنگلىزچىدە بار؟ «سۆز گۈلزارى» دا بېرىلگەن سۆزلەرگە ئاساسەن ماس كېلىدىغىنىنى تېپىپ ئۇيغۇرچىسىنىڭ ئۈستىگە يېزىڭلار (ئاھاڭ جەھەتتىكى پەرقىگە دىققەت قىلىڭلار)

① رادىئو ② كىتاب ③ فىلىم ④ ئانا ⑤ كۇلۇب ⑥ تېلېۋىزور ⑦ مۇزىكا ⑧ نورمال ⑨ ياخشى

## 3. تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) ①، ② - گۇرۇپپىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئالماشلار بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئالماشتۇرۇپ ئۇنلۇك ئوقۇڭلار؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىسىملارنى تەۋەلىك ئالماشلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئالماشتۇرۇپ مەشىق قىلىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ① He is my | | | ① older brother |
| your | | | ② sister |
| her | | | ③ father |
| his | | | ④ grandfather |
| our | | | ⑤ director |
| their | | | ⑥ younger brother |
| your | | | |

| | | |
|---|---|---|
| ② She is | Tursun's | ① mother |
| I am | | ② grandmother |
| You are | | ③ older sister |
| | | ④ younger sister |

| | | |
|---|---|---|
| ③ This book (pen) | is | ① mine |
| That book (pen) | | ② yours |
| These books (pens) | are | ③ hers |
| Those books (pens) | | ④ theirs |
| | | ⑤ ours |

2) تۆۋەندىكى سۈپەتلەر بىلەن be پېئىلىنىڭ am، are، is قاتارلىق ئۆزگىرىش شەكىللىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇڭلار ۋە ئالماشتۇرۇپ مەشىق قىلىڭلار.

| | |
|---|---|
| ① I am | ① happy. |
| She is | ② glad. |
| You are | ③ good. |
| They are | ④ unhappy. |
| We are | ⑤ fine. |

3) تۆۋەندىكى ئىسىملار بىلەن be پېئىلىنىڭ am، are، is قاتارلىق ئۆزگىرىش شەكىللىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇڭلار ۋە ئالماشتۇرۇپ مەشىق قىلىڭلار.

① I am
She is
You are

a student
a teacher
a director
a mother
a boy

② We are
They are
You are

students
teachers
boys
mothers

## 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

1) تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

① مەن بىر ياخشى ئوقۇغۇچى، ئۇ بىر ناچار ئوقۇغۇچى، شۇڭا ئوقۇتقۇچىمىز مېنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا→ so، مېنى →me

② بىز بولساق ئوقۇتقۇچى، سىلەر بولساڭلار ئوقۇغۇچى، ئۇلار بولسا ئىشچى. ئىشچى→worker

③ مەن بەك خۇشال، ئۇ بەك پەرىشان.

④ مېنىڭ قەلىمىم چوڭ، ئۇنىڭ قەلىمى كىچىك.

⑤ بۇ تېلېۋىزور مېنىڭكى، ئاۋۇ رادىئو سېنىڭكى. بۇ قەلەم مېنىڭكى، ئاۋۇ كىتاب ئۇنىڭكى.

⑥ ماۋۇلار مېنىڭ كىتابلىرىم. ئاۋۇلار ئۇنىڭ كىتابلىرى.

2) «سۆز گۈلزارى» دا، «دىئالوگ» دا بېرىلگەن سۆز - جۈملىلەردىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار.

① بىزنىڭ ئوخشاش ئويۇننى ئوينىغىمىز بار.
ئويناش → play، قىلغۇسى بار → want to

② مېنىڭ ئىسمىم ئالىم، ئۇنىڭ ئىسمى تۇرسۇن.

③ سىز قەيەردىن كەلگەن؟



www.uyghurkitap.com

④ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن.
⑤ ئاۋۇ قارىغاي مېنىڭكى.
⑥ قانداق تۇرىۋاتىسىز؟

**Listening Comprehension** **ئاڭلاپ چۈشىنىش**

1. A: What is your name?
   B: My name is Alim.
   A: What do you do?
   B: I am a student.
   A: Where are you from?
   B: I am from Urumqi.
   A: Where do you live?
   A: I live in Xinjiang University.

يۇقىرىقى دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى بايانلاردىن خاتاسى.

A. ئالىم بىر ئوقۇغۇچى.
B. ئالىم ئۈرۈمچىدىن كەلگەن.
C. ئالىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇرىدۇ.
D. بۇ دىئالوگدا ئالىم بىر يېقىن دوستى بىلەن پاراڭلىشىدۇ.

2. A: How are you, Tursun?
   B: Fine, thanks, and you?
   A: Me too. How is your father?
   B: He is well, Thank you.
   A: What have you been doing recently?
   B: I have been studying English.
   A: Is English very interesting?
   B: Yes, it is.
   A: I want to go, good bye, Alim!
   B: Good bye, Tursun!

يۇقىرىقى دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا تۆۋەندىكى باياناتلاردىن دىئالوگدا تىلغا ئېلىنمىغىنى:

A. تۇرسۇننىڭ دادىسىنىڭ ئەھۋالى ياخشى.

B. تۇرسۇن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىدۇ.

C. ئالىم بىلەن تۇرسۇننىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان.

D. تۇرسۇن ئىنگلىزچىنى قىزىقارلىق تىل ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى.

## I ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت　I Reminds and Adages

### ئەسكەرتىش　Reminds

1. بۇ دەرستە ئېغىز تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 30 غا يېقىن تىپىك جۈملە ۋە 50 دىن ئارتۇق سۆز تونۇشتۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇلارنى پىششىق ئىگىلىمەي تۇرۇپ ئىككىنچى دەرسكە ئۆتمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمىز. سىز بۇ دەرستىكى بىلىملەر ئارقىلىق چەت ئەللىكلەر بىلەن سۆزلىشەلەيسىز.

2. ئوقۇغۇچىلار باشتىن باشلاپ ئېغىز تىلىغا ۋە تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەسلەپتە بەزى سۆز-جۈملىلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسا ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، تەلەپپۇزنى ياخشىلاشنىڭ بىر مەزگىللىك جەريان ئىكەنلىكىنى تونۇش كېرەك.

3. خاتىرە تۇتۇش ياخشى ئادەت. ئوقۇغۇچىلار ھازىردىن باشلاپ كىچىك بىر خاتىرە تۇتۇپ، دەرستىكى مەزمۇنلارنى «گرامماتىكا، ئېغىزچە جۈملىلەر، سۆزلۈك ۋە باشقىلار» دېگەن تۈرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم يېزىپ ماڭسا كېيىن ئۈنۈمىنى كۆرىدۇ.

4. تىل ئۆگىنىشتە ئوقۇغۇچى ئىجادىي بولۇشى كېرەك. بۇ سۆزنى دەرسكە تەدبىقلىساق، ئوقۇغۇچى تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى بويىچە باشقا مەزمۇننى تۈزۈپ باقسا ۋە گرامماتىكا قىسمىدا كۆرسىتىلگەن جۈملە شەكلىگە ئاساسەن ئۆگەنگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ يېڭىچە جۈملىلەرنى تۈزۈپ باقسا بولىدۇ.

5. يېڭى ئۆگەنگەندە نەچچە خىل ماتېرىيالنى كۆرۈش، سۆزنى قالايمىقان ئۆگىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بولمىسا ئوقۇغۇچىدا زور روھىي بېسىم پەيدا بولىدۇ.

6. ھازىردىن باشلاپ ئۆيغۇرچە - ئىنگلىزچە ماس كېلىدىغان جۈملە شەكىللىرىنى رەتلەش كېرەك.

## Adages ھېكمەت

1. A little understanding is a dangerous thing.
چالا بىلىش قورقۇنچلۇق ئىش. (چالىلىقتا لەززەت بولمايدۇ.)
2. No pains, No gains. جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق.
3. Easy come, Easy go.
ئوڭاي قولغا كەلگەن نەرسە ئىتتىك قولدىن كېتىدۇ.

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

### ئۆزئارا سالاملاشقاندا دېيىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

(ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئۆگەنگەندە ئىبغىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە بىر نەچچە دەرسنىڭ «ئوقۇپ چۈشىنىش» قىسمىدا يەنىلا ئىبغىز تىلىغا مۇناسىۋەتلىك، شۇ دەرس دىئالوگىدا چىقمىغان، باشقىچە دېيىشمۇ بولىدىغان جۈملىلەر بېرىلىدۇ.)

1. How goes it? /How is everything? /How is life?
2. All right! /Pretty good! /Just so so! /Not too bad.
3. Nice having met you. /Good to see you again.
4. Long time no see. /Have not seen you for ages.
5. Thank you! /Thanks/Thank you very much/Thanks a lot.
6. Much better, thank you.
7. Not too good yet.

Have you smiled today?
سىز بۈگۈن كۈلۈمسىرىدىڭىز مۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 2

## Summary ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Asking** سوراش

**Instruction** كۆرسەتمە

(1) دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى: ① Are you … ing?
② Do you …?
③ Did you …?
④ Can you …?
⑤ Will you …?

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر 4. تور سۆزلەر 5. سۆزلەر ئۇچۇن مىسال ۋە ئىزاھات

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

Life هايات

(ئىنگلىزچە قىسقا شېئىر)

«كۆڭۈل سوۋغىسى» دىكى سۆزلەر ۋە ئىزاھاتى

## Text — تېكىست

A Student's Statement about Himself

بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى

## Grammar — گرامماتىكا

1. ئىنگلىز تىلىدىكى be باغلامچى پېئىلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە
2. ئىنگلىز تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالماش ۋە چۈشۈم كېلىش ئالماش
3. ئىنگلىز تىلىدىكى ئادەتتىكى سوراق جۈملە ھەققىدە
4. ئىنگلىز تىلىدىكى «s» قوشۇمچىسى
5. گرامماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

## Demand — تەلەپ

1. دىئالوگ ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ
2. گرامماتىكا ۋە جۈملە شەكلى ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ
3. سۆزلۈك ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ

## Exercises — مەشىق

1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق
2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق
3. تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق
4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

www.uyghurkitap.com

# Unit 2 ئىككىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Asking سوراش

باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەندە قارشى تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلارنى سوراش ئارقىلىق ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. سۆھبەت سوراش - جاۋاب بېرىش يوسۇنىدا داۋام قىلىدۇ. مەلۇم ئىشنىڭ شۇنداق ياكى شۇنداق ئەمەسلىكىنى سوراشتا، ئادەتتە بىز جاۋابى ئۇچۇن «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدىغان سوئال جۈملىنى ئىشلىتىمىز. بۇ دەرسنىڭ دىئالوگ قىسمىدا مۇشۇ خىلدىكى ئاددىي سوراق جۈملىلەر دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

A: Are you studying English?

B: Yes, I am.

A: Are you reading English book?

B: Yes, I am.

A: Are you studying English at Xinjiang University?

B: No, I am not.

× × ×

A: Do you speak English?

B: Yes, I do.

A: Do you like music?

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

B: No, I don't.

A: Does she speak English?

B: Yes, she does.

A: Does she like music?

B: No, she doesn't.

× × ×

A: Did you study English before?

B: Yes, I did.

A: Did you go to Beijing before?

B: No, I did not.

× × ×

A: Can you read English books?

B: Yes, I can.

A: Can you sing English songs?

B: No, I can't

× × ×

A: Will you come tomorrow?

B: Yes, I will.

A: Will you stay here?

B: No, I will not.

## دىئالوگدىكى سۆزلەر

1. study ['stʌdi] *v.* — ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش
2. English ['i:ngliʃ] *n. a.* — ئىنگلىز تىلى، ئىنگلىز، ئىنگلىزچە
3. read [ri:d] *v* — ئوقۇماق، ئوقۇپ چۈشەنمەك
4. sing [siŋ] *v* — ئېيتماق
5. song [sɔŋ] *n.* — ناخشا
6. will [wil] *v.* — ئىرادە، ... ماقچى، مەكچى
7. can [kæn] *v.* — ... قىلالايدۇ، ... ئېتەلەيدۇ

8. tomorrow [tə'mɔrəu] *n.* ئەتە

9. stay [stei] *v.* تۇرماق، تۇرۇپ قالماق

## Instructions كۆرسەتمە

1. ئىنگلىز تىلىدا ئۇيغۇرچىدا «... ۋاتامسىز» شەكىلدىكى سوراق جۈملە ئۈچۈن «Are you + پېئىل + ing» شەكىلدىكى جۈملە شەكلىنى ئىشلىتىمىز. «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلسە «Yes، I am» دەپ پېئىلنى قىسقارتىشقا بولىدۇ. «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلسە «No, I am not» دەپ «not» نىڭ كەينىدىكى پېئىلنى قىسقارتىشقا بولىدۇ.

2. قارشى تەرەپتىن ئادەتتە مەلۇم ئىشنى قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى، مەلۇم ئىشقا رايى بار-يوقلۇقىنى سوراشقا توغرا كەلگەندە، «Do you + ئەسلى پېئىل» لىق جۈملە شەكلىنى ئىشلىتىمىز. «Does» بولسا «do» نىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتىكى ئۆزگەرگەن شەكلى. «ئۇ ... قىلامدۇ؟» شەكىلدىكى سوراق جۈملە ئۈچۈن «Does she ...» لىق جۈملىنى ئىشلىتىمىز. جاۋاب ئۈچۈن ئەستىق شەكلى «Yes, she/he does»، ئىنكار شەكلى «No, she/he doesn't» بولىدۇ.

3. ئۇيغۇرچىدىكى «سىز ... قىلدىڭىزمۇ؟/سىز ... قىلغانمۇ؟» دېگەن مەنىگە ئۇدۇل كېلىدىغان جۈملە شەكلى «Did you ...?» بولىدۇ. بۇ يەردىكى «Did» بولسا «Do» ياردەمچى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى. «did»، «does»، «do» قاتارلىقلار ماھىيەتتە بىر بولۇپ، ئۇنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكىدىكى جۈملىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

I do my homework (تاپشۇرۇق) every day.

مەن ھەر كۈنى تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.

I did my homework yesterday.

تاپشۇرۇقۇمنى تۈنۈگۈن ئىشلىدىم.

She/He/Alim does homework everyday.

ئۇ/ئالىم ھەر كۈنى تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ.

4. «Can you …?» — «… نى قىلالامسىز؟» دېگەن مەنىنى، «Will you …?» — «سىز … قىلامسىز؟ / قىلماقچىمۇسىز؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ھەئە، قىلالايمەن» شەكلىدىكى تەستىق جاۋاب ئۈچۈن «Yes, I can» دەپ، «ياق، قىلالمايمەن» شەكلىدىكى ئىنكار مەنە ئۈچۈن «No, I can't» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. «Will you …» لىق جۈملە شەكلى ئۈچۈن تەستىق شەكلىگە «Yes, I will» دەپ، ئىنكار شەكلىگە «No, I will not» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

## دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

| | |
|---|---|
| 1. Are you + پېئىل + ing? | … قىلىۋاتامسىز؟ |
| Are you studying English? | ① ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامسىز ② ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامسىلەر؟ |
| Is she studying English? | ئۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامدۇ؟ |
| Are they studying English? | ئۇلار ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامدۇ؟ |
| Am I studying English? | مەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامدىمەن؟ |
| 2. Do you + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى … ? | سىز (ئادەتتە) … قىلامسىز؟ |
| Does he/she/+ پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى … ? | ئۇ (ئادەتتە) … قىلامدۇ؟ |
| Do you speak English? | ئىنگلىزچە سۆزلەمسىز؟ (ئادەتتە) |
| Does he speak English? | ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلەمدۇ؟ (ئادەتتە) |
| Do they/we/you speak English? | ئۇلار/بىز/سىلەر/ ئىنگلىزچە سۆزلەمدۇ؟ / سۆزلەمدۇق؟ / سۆزلەمسىلەر؟ |
| 3. Did you study English before? | سىز بۇرۇن ئىنگلىزچە ئۆگەنگەنمۇ؟ |
| Did he study English before? | ئۇ بۇرۇن ئىنگلىزچە ئۆگەنگەنمۇ؟ |
| Did they study English before? | ئۇلار بۇرۇن ئىنگلىزچە ئۆگەنگەنمۇ؟ |
| We | |
| I | |
| She | |
| 4. Can you read? | ئوقالامسىز؟ |
| Can he/she read? | ئۇ ئوقالامدۇ؟ |

## Word Garden　　سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

(دىئالوگدىكى سۆزلەر ئاساسىدا كېڭەيتىلدى)

| | |
|---|---|
| 1. book [buk] *n.* | كىتاب |
| cook [kuk] *n.* | ئاشپەز |
| hook [huk] *n.* | ئىلمەك |
| look [luk] *v.* | قارىماق |
| 2. read [ri:d] *v.* | ئوقۇماق |
| dead [ded] *a.* *b.* | ئۆلۈك، ئۆلگەن |
| head [hed] *n.* | باش، باشلىق |
| lead [li:d] *v.* | باشلىماق، يېتەكچىلىك قىلماق |
| 3. at [æt] *prep.* | ... دا، ... تە |
| cat [kæt] *n.* | مۈشۈك |
| fat [fæt] *a.* | سېمىز |
| sat [sæt] *v.* | ئولتۇردى (sit نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) |
| mat [mæt] *n.* | پالاز |
| hat [hæt] *n.* | شلەپە، باش كىيىم |
| 4. like [laik] *v.* | ياخشى كۆرمەك |
| like [laik] *prep.* | ... غا ئوخشاش |
| bike [baik] *v.* | (ۋېلىسىپىت) مىنمەك |
| hike [haik] *v.* | پىيادە يول يۈرمەك |
| 5. can [kæn] *v.* | ... قىلالايدۇ |
| an [æn] | بىر (سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆز ئالدىدا) |
| fan [fæn] *n.* | ھەۋەسكار، مەستانە |
| pan [pæn] *n.* | ساپلىق قازان |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 6. will [wil] *v.* | ئىرادە، ··· قىلماقچى، ···مەكچى |
| fill [fil] *v.* | ··· بىلەن لىق تولماق، تولدۇرماق |
| kill [kil] *v.* | ئۆلتۈرمەك |
| mill [mil] *n.* | تۈگمەن |
| ill [i:l] *a.* | كېسەل بولۇپ قالماق |
| till [til] *prep.* | ··· غىچە، ··· غا قەدەر |
| 7. sing [siŋ] *v.* | ئېيتماق |
| ring [riŋ] *v.* | جىرىڭلىماق |
| king [kiŋ] *n.* | پادىشاھ |
| ring [riŋ] *n.* | تويلۇق ئۈزۈك، ھالقا |
| wing [wiŋ] *n.* | قانات |
| 8. song [sɔŋ] *n.* | ناخشا |
| long [lɔŋ] *a.* | ئۇزۇن، ئۇزاق |
| wrong [rɔŋ] *a.* | خاتا |

## 2. ئورتاق سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. idea [aidiə] *n.* | ئىدىيە |
| 2. Doctor [dɔktə:] *n.* | دوختۇر، دوكتور |
| 3. fact [fækt] *n.* | پاكىت |
| 4. element ['eləment] *n.* | ئېلېمېنت، ئامىل |
| 5. University [ˌju:ni'və:siti] *n.* | ئۇنىۋېرسىتېت |
| 6. universal [ˌju:ni'və:səl] *n.* | ئۇنىۋېرسال، ئومۇمىيۈزلۈك |
| 7. concert [kɔn'sə:t] *n.* | كونسېرت، نومۇر |
| 8. abstract ['æbstrækt] *a.* | ئابستراكت |

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

1. like [laik] *v.* ياخشى كۆرۈش ↔ dislike [dislaik] *v.* ئۆچ كۆرۈش
2. fat [fæt] *a.* سېمىز ↔ thin [θin] *a.* ئورۇق

3. long [lɔŋ] *a.* ئۇزۇن، ئۇزاق ↔ short [ʃɔ:t] *a.* قىسقا

4. king [kiŋ] *n.* پادىشاھ ↔ servant ['sə:vənt] *n.* قۇل

5. wrong [rɔŋ] *a.* خاتا ↔ right [rait] *a.* توغرا

6. abstract ['æbstrækt] *a.* ئابستراكت ↔ concrete ['kɔnkri:t] *a.* كونكرېت

## 4. تۇر سۆزلەر

### (كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 10 پېئىل)①

1. listen (to) [l:sn] *v.* — قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق
2. hear [hiə] *v.* (heard, heard) — ئاڭلىماق
3. see [si:] *v.* (saw, seen) — كۆرمەك
4. write [rait] *v.* (wrote, written) — يازماق
5. walk [wɔ:k] *v.* — ماڭماق
6. stand [stænd] *v.* (stood, stood) — تۇرماق
7. sit [sit] *v.* (sat, sat) — ئولتۇرماق
8. play [plei] *v.* — ئويناماق
9. work [wɔ:k] *v.* — ئىشلىمەك
10. say [sei] *v.* (said, said) — دېمەك

## 5. «سۆز گۈلزارى»غا مۇناسىۋەتلىك ئىزاھات

1. ئىنگلىز تىلى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ياسىلىشى ئارقىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ئانالىتىك تىل. شۇڭا ئىنگلىز تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىكىدەكلا كۆپ. مەسىلەن، «قارىمۇ قارشى سۆزلەر» گۇرۇپپىسىدىكى «dislike» دېگەن سۆز «like» (ياخشى كۆرۈش) بىلەن «dis» دېگەن قوشۇمچىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان. بۇ يەردىكى «dis» «ناتوغرا»، «بىئەدەپ» قاتارلىق سۆزلەردىكى «نا، بى» قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش ئەسلىدىكى مەنىنى ئىنكار

---

① 1- دەرستە ۋە 2- دەرسنىڭ دىئالوگىدا تونۇشتۇرۇلغان پېئىللار بۇ دەرسكە كىرگۈزۈلمىدى.

قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ.

2. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتىش داۋامىدا چەت ئەل تىلىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. «سۆز گۈلزارى» نىڭ «ئورتاق سۆزلەر» گۇرۇپپىسىدا تونۇشتۇرۇلغان سۆزلەر ئىنگلىز تىلىدىن بىۋاسىتە ياكى رۇس تىلىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق تىلىمىزغا كىرگەن. ئىككىلا تىلغا ئورتاق، لېكىن ئاھاڭ جەھەتتىن ئازراق پەرقلىنىدىغان سۆزلەر خېلى بار. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلەردە بۇنداق سۆزلەرنى داۋاملىق تونۇشتۇرىمىز.

3. «تور سۆزلەر» دە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تۆت قائىدىلىك پېئىل (ئۆتكەن زامان مەنىسى ئۈچۈن ئارقىسىدىن «-ed» قاتقىلى بولىدىغان پېئىل) ۋە ئالتە قائىدىسىز پېئىل (ئۆتكەن زامان شەكلى ئۈچۈن مۇقىم بىر قوشۇمچە قاتقىلى بولمايدىغان، ئۆتكەن زامان شەكلى ئۆز ئالدىغا ئۆزگىرىدىغان پېئىل) تونۇشتۇرۇلدى. تىرناق ئىچىگە ئېلىنغىنى شۇ خىل قائىدىسىز پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى. بۇنى كېيىنكى دەرسلەردە تونۇشتۇرىمىز. ئوقۇغۇچىلار ھازىرچە پېئىلدا شۇنداق بىر خىل ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالسىلا بولىدۇ.

4. «قارىمۇ قارشى سۆزلەر» گۇرۇپپىسىدا مەنىسى بىر - بىرىگە پۈتەنلەي زىت كېلىدىغان سۆزلەر بېرىلدى. بىر تىلدا ھەممىلا سۆزنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزى بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، book (كىتاب) دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇنىڭغا قارىمۇ قارشى سۆز ئىزدەپ يۈرۈش بىر ئاۋارىگەرچىلىك. شۇڭا بىز بۇ گۇرۇپپىغا مەنە جەھەتتىن پۈتۈنلەي زىت كېلەلەيدىغان سۆزلەرنىلا بەردۇق.

## قارىمۇ قارشى سۆزلەر ئۈچۈن

The King likes the fat servant and dislikes the thin servant. To make a long story short, the fat servant always does things aright. But, the thin servant always does things wrong. So the King likes the fat servant.

پادىشاھ سېمىز قۇلنى ياخشى كۆرىدۇ، ئورۇق قۇلنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇزۇن گەپنى قىسقا قىلغاندا، سېمىز قۇل ئىشلارنى توغرا



www.uyghurkitap.com

بېجىرىدۇ. ئورۇق قول ھەمىشە ئىشلارنى خاتا قىلىدۇ. شۇڭا پادىشاھ سېمىز قولىنى ياخشى كۆرىدۇ.

To make a long story short — ئۇزۇن گەپنى قىسقا قىلغاندا

## A Little Present — كۆڭۈل سوۋغىسى

### Life — ھايات

| | |
|---|---|
| Life can be good, | سۆيۈملۈكتۇر ھايات گاھىدا، |
| Life can be bad. | مەنىسىزدۇر يەنە بەزىدە. |
| Life is mostly cheerful, | خۇشال قىلىپ كۈلدۈرسە گاھى، |
| But sometimes sad. | گاھى سالار سىزنى دەرد-غەمگە. |
| | |
| Life can be dreams, | ھايات ئوخشار گاھىدا چۈشكە، |
| Life can be thought. | ۋە ياكى ھەم بىر ئوي-خىيالغا. |
| Life can mean a person. | كىرگۈزىدۇ گاھىدا يەنە، |
| Sitting in court. | سىزنى، مېنى بىراقلا سوتقا. |
| | |
| Life can be dirty, | ھايات شۇنداق شەپقەتسىز بەزەن، |
| Life can be painful. | ئازابلىقتۇر گاھى چاغدا ھەم. |
| But life is what you make it, | سىزگە باغلىق لېكىن ئۇ، شۇڭا |
| So try to make it beautiful. | گۈزەل قىلىڭ ھاياتنى ھەردەم. |

### Text — تېكىست

## A Student's Statement About Himself

Maybe you ask:《Are you a new student? Are you studying English?》Yes, I am a new student. I am studying English. I studied Russian before. But, today English became the world language. So, I began to study English. I will go abroad after studying English hard.

### Words سۆزلەر

1. maybe *adv.* بەلكىم (→ perhaps)

www.uyghurkitap.com

2. ask [æsk] *v.* — سورىماق
3. student ['stju:dənt] *n.* — ئوقۇغۇچى
4. English ['iŋgliʃ] *n.* *adj.* — ئىنگلىز تىلى، ئىنگلىز
5. study ['stʌdi] *v.* — ئۆگەنمەك
6. Russian ['rʌʃən] *n.* *adj.* — رۇس تىلى، رۇس
7. but [bʌt] *conj.* — بىراق
8. today [tə'dei] *n.* *adv.* — بۈگۈن، ھازىر
9. before [bifɔ:] *adv.* — بۇرۇن
10. became [bi'keim] *v.* — ئايلانماق (become نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
11. world [wə:ld] *n.* — دۇنيا
12. language ['læŋgwidʒ] *n.* — تىل
13. so [sou] *adj.* — شۇڭا، شۇڭلاشقا
14. began [bigæn] *n.* — باشلىماق (begin نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
15. go abroad [gəu ə'braud] — چەت ئەلگە چىقماق
16. after ['æ:ftə] *adj.* *prep.* — ... دىن كېيىن
17. hard [hɑ:d] *adj.* *ad* — قاتتىق، تىرىشىپ

## تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

1. بۇ تېكىستتە ئاساسلىقى بىرىنچى. دەرستە سۆزلەنمىگەن be پېئىلىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن be پېئىلىنىڭ ئاددىي سوراق جۈملە ۋە داۋاملاشقان ھازىرقى زاماندىكى ئورنىغا دائىر جۈملىلەر بېرىلدى.

2. «study» دېگەن پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان (ئۆگەندىم)، ھازىرقى زامان (ئۆگىنىۋاتىمەن) دىكى شەكلى بېرىلدى. ئۆزگىرىش شەكلىگە دىققەت قىلىڭلار.

3. تېكىستتىكى «Russian» دېگەن سۆز ھەم «رۇس تىلى» ھەم «رۇس مىللىتى» دېگەن مەنىنى، «English» دېگەن سۆز ھەم «ئىنگلىز تىلى» ھەم «ئىنگلىز مىللىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «Uyghur» دېگەن سۆز ھەم مىللىتىمىزنىڭ ئىسمىنى ھەم تىلىمىزنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ.

4. «go abroad» تىكى «go» «بېرىش» دېگەن مەنىدە، «abroad»

«چەت ئەل، ھەممە يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى سۆز قوشۇلۇپ «چەت ئەلگە چىقماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## گراماتىكا Grammar

### 1. ئىنگلىز تىلىدىكى be ياردەمچى پېئىلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ( II )

1) بىرىنچى دەرسنىڭ گراماتىكا قىسمىدا be پېئىلىدىن كېيىن ئىسىم ياكى سۈپەت كەلسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، بۇ دەرسنىڭ تېكىستىدە «I am studying English» (مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن) دېگەن بىر جۈملە بېرىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، be پېئىلىدىن كېيىن پېئىلنىڭ « ing-» قوشۇمچىسى قېتىلغان ھازىرقى زامان تارماق شەكلى كەلسە «قىلىۋاتىمەن، ئېيتىۋاتىمەن» مەنىسىدىكى داۋاملىشىۋاتقان ھازىر زامان ھاسىل بولىدۇ. ياسىلىشى: be+پېئىل+ing

مەسىلەن: I am studying English. مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن.

He is speaking English ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتىدۇ.

You are doing your homework. سەن تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەۋاتىسەن.

2) be پېئىلى ئارىلاشقان يۇقىرىقىدەك تەستىق جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلى «not» نى be پېئىلىنىڭ ئەينى بىر ۋارىيانتىدىن[1] كېيىن قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

I am not studying English. مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمەيۋاتىمەن.

He is not speaking. ئۇ سۆزلىمەيۋاتىدۇ.

You are not doing your homework. سەن تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلىمەيۋاتىسەن.

I am not happy. مەن خۇشال ئەمەس.

I am not a student. مەن ئوقۇغۇچى ئەمەس.

دېمەك، be پېئىلىدىن كېيىن سۈپەت، ئىسىم ياكى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى («ing» قېتىلغان شەكلى) كەلسە بولىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، be پېئىلىدىن كېيىن not نى قاتساق ئىنكار

---

① be پېئىلىنىڭ ۋارىيانتى ئۇنىڭ ئۆزگىرىش شەكلىنى، يەنى am، are، is لارنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

جۈملە ھاسىل بولىدۇ.

3) be پېئىلى ئارىلاشقان جۈملىلەرنىڭ سوئال شەكلىنى ياساشتا be پېئىلىنىڭ ئەينى بىر ۋارىيانتى (ئۆزگىرىش شەكلى) جۈملىنىڭ بېشىغا يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن:

Are you studying English? سىز ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىسىز؟

Are you happy? سىز خۇشالمۇ؟

Are you a student? سىز ئوقۇغۇچىمۇ؟

**be پېئىلى ئارىلاشقان جۈملىنىڭ ئەسلى شەكلى، سوئال شەكلى، ئىنكار شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك جەدۋەل**

| ئەسلى شەكلى | سوئال شەكلى | ئىنكار شەكلى |
|---|---|---|
| I am studying English.<br>مەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىمەن. | Are you studying English.<br>سىز ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامسىز؟ | I am not studying English.<br>مەن ئىنگلىزچە ئۆگەنمەيۋاتىمەن. |
| I am happy.<br>مەن خۇشال. | Are you happy?<br>سىز خۇشالمۇ؟ | I am not happy.<br>مەن خۇشال ئەمەس. |
| I am a student.<br>مەن بىر ئوقۇغۇچى. | Are you a student?<br>سىز ئوقۇغۇچىمۇ؟ | I am not a student.<br>مەن ئوقۇغۇچى ئەمەس. |

4) be پېئىلىنىڭ am، are، is قاتارلىق ئۆزگىرىش شەكلى ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ۋارىيانتلىرىدۇر. was، were لەر بولسا be پېئىلىنىڭ ئۆتكەن زامان ۋارىيانتلىرىدۇر. تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىغا قاراپ باقايلى.

① I am a student. مەن ھازىر ئوقۇغۇچى.

I was a student. مەن بۇرۇن ئوقۇغۇچى ئىدىم.

② You are speaking English. سەن ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتىسەن.

You were speaking English. سەن ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتقانىدىڭ.

«was» دېگىنى «am» بىلەن «is» نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى.

«were» دېگىنى «are» نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى.

I am, she is, he is, it is ھازىرقى زاماندا

I was, she was, he was, it was ئۆتكەن زاماندا

they are, you are, we are — ھازىرقى زاماندا

they were, you were, we were — ئۆتكەن زاماندا

5) be پېئىلى ھەققىدە كىچىك خۇلاسە

① Be پېئىلى باغلامچى پېئىلدۇر. ئۇنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىش شەكىللىرى «am، are، is»، ئۆتكەن زاماندىكى ئۆزگىرىش شەكىللىرى «were، was» لاردىن ئىبارەت.

② be پېئىلى ئوخشىمىغان شەخستە ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۆزگىرىدۇ.

③ be پېئىلى ئارىلاشقان جۈملە سۈپەت خاراكتېرلىك جۈملە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. be پېئىلىدىن كېيىن ئىسىم، سۈپەت، پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى كەلسە بولىدۇ.

④ be پېئىلى ئارىلاشقان جۈملىلەرنىڭ سوئال شەكلى be پېئىلىنىڭ ئەينى بىر ئۆزگىرىش شەكلىنى جۈملىنىڭ بېشىغا يۆتكەش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

⑤ be پېئىلى ئارىلاشقان جۈملىلەرنىڭ ئىنكار شەكلى «not» نى be پېئىلىنىڭ ئۆزگىرىش شەكلىدىن كېيىن قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

2. ئىنگلىز تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالماش ۋە چۈشۈم كېلىش ئالماش

| شەخس / ئالماش تۈرى | بىرىنچى شەخس | | ئىككىنچى شەخس | | ئۈچىنچى شەخس | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | بىرلىك | كۆپلۈك | بىرلىك | كۆپلۈك | بىرلىك | كۆپلۈك |
| چۈشۈم كېلىش ئالماش | me<br>مېنى | us<br>بىزنى | you<br>سىزنى، سېنى | you<br>سىلەرنى | him, her, it<br>ئۇنى | them<br>ئۇلارنى |
| ئۆزلۈك ئالماش | myself<br>مەن ئۆزۈم | ourselves<br>بىز ئۆزىمىز | yourself<br>سەن ئۆزۈڭ<br>سىز ئۆزىڭىز | yourselves<br>سىلەر<br>ئۆزۈڭلار | himself<br>ئۇ ئۆزى<br>herself<br>ئۇ ئۆزى<br>itself<br>ئۇ ئۆزى | themselves<br>ئۇلار ئۆزى |

① ئالماشنىڭ باش كېلىش شەكلى ئىگە ئورنىدا، چۈشۈم كېلىش شەكلى تولدۇرغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

He likes me. — ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

I like him. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

② ئۆزلۈك ئالماش جۈملىدە تولدۇرغۇچى، كېسىم ئەۋەر بولغاندىن باشقا، «ئۆزى»، «شەخسەن» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I did it myself. مەن ئۇنى ئۆزۈم قىلدىم.

I studied English by myself.

مەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆزۈم ئۆگەندىم.

③ ئۆزلۈك ئالماش ھەمىشە دېگۈدەك بىر قىسىم پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ تۇراقلىق ئىبارە ياسايدۇ. مەسىلەن:

Please help yourself. ئارتىنماي ئېلىڭ (تاماق ئۈستىدە).

I am enjoying myself. كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

## 3. ئىنگلىز تىلىدىكى ئادەتتىكى سوراق جۈملە

ئىنگلىز تىلىدىكى ئادەتتىكى سوراق جۈملە ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈڭلار:

Did you study English? (Yes, I did/ No, I did not)

Do you study English everyday? (Yes, I do/ No, I do not)

Can you study English? (Yes, I can/ No, I can not)

Will you study English? (Yes, I will/ No, I will not)

Are you studying English? (Yes, I am / No, I am not)

Does he study English everyday? (Yes, he does/ No, he does not)

Do they study English everyday? (Yes, they do/ No, they do not)

يۇقىرىقى جۈملىلەردىن ئادەتتىكى سوراق جۈملە ھەققىدىكى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن:

① ئادەتتىكى سوراق جۈملە جاۋابى ئۈچۈن No/Yes دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدىغان جۈملىدۇر. شۇڭا «Yes/No» لىق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

② ئادەتتىكى سوراق جۈملە Do ياردەمچى پېئىلىنىڭ ئۆزگىرىش شەكىللىرى (does، did، do)، تۈسلۈك پېئىللار (can، may، will)، be پېئىلىنىڭ ۋارىيانتلىرى (am، is، was/are، were) نى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

③ ئادەتتىكى سوراق جۈملىگە جاۋاب بەرگەندە، Yes ياكى No دىن كېيىن بىر قىسقا تىنىپ، جۈملىنىڭ بېشىدىكى Do ياردەمچى پېئىلى، be پېئىلى، تۈسلۈك پېئىللارنىڭ ئارقىسىدىن not نى قاتساقلا بولىدۇ. تەپسىلىي جاۋاب بېرىش ھاجەتسىز. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەر ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ سوئال شەكلى، قىسقىچە تەستىق شەكلى ۋە قىسقىچە ئىنكار قىلىش شەكلىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

④ ئادەتتىكى سوراق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرى يۇقىرى ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

Are you a new student? سىز يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ؟

Can you help me? ماڭا ياردەم بېرەلەرسىزمۇ؟

## 4. «s» قوشۇمچىسى ھەققىدە

① ئىنگلىز تىلىدىكى «s» قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» غا ئوخشاش تەۋەلىك، ئىگىلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىسىمنىڭ ئارقا ئۈستى تەرىپىدىن بىر پەش قويۇش كېرەك.

This is Alim's book. بۇ ئالىمنىڭ كىتابى.

That is Tursun's sister. ئاۋۇ تۇرسۇننىڭ ھەدىسى.

② زور كۆپ ساندىكى ئىسىم (قائىدىلىك ئىسىم) دىن كېيىن كېلىپ، كۆپلۈك (لار، لەر) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

student → students    book → books    girl → girls

قىزلار ← قىز    كىتابلار ← كىتاب    ئوقۇغۇچىلار ← ئوقۇغۇچى

③ ئىگىسى ئۈچىنچى شەخس بىرلىك «ئۇ» (it/he/she ۋە ئادەم ئىسىملىرى) ئىشلىتىلگەن ۋە ئادەتتىكى، نورماللىقتا ئايلانغان ھەرىكەت ئىپادىلەنگەن جۈملىلەردە پېئىلدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

She gets up at six o'clock every day.

ئۇ ھەر كۈنى سائەت ئالتىدە ئورنىدىن تۇرىدۇ.

He likes me too much. ئۇ مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

It looks very good.

ئۇ (مەلۇم نەرسە ياكى شەيئى) ياخشىدەك كۆرۈنىدۇ.

Alim studies English very hard usually.

ئالىم ئادەتتە ئىنگلىز تىلىنى تولىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.

## 5. گراماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

① be پېئىلىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

A: I am speaking English. مەن ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتىمەن.

He is studying English. ئۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىدۇ.

You are writing. سەن يېزىۋاتىسەن.

We (you, they) are playing football.

بىز (سىلەر، ئۇلار) پۇتبول ئويناۋاتىمىز. (ئويناۋاتىسىلەر، ئويناۋاتىدۇ)

B: Are you speaking English? سىز ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتامسىز؟

Is he studying English? ئۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتامدۇ؟

Are they (you, we) playing football? ئۇلار پۇتبول ئويناۋاتىدۇ.

C: I am not speaking English. مەن ئىنگلىزچە سۆزلىمەيۋاتىمەن.

He (she, Alim) is not studying English.

ئۇ ئىنگلىزچە ئۆگەنمەيۋاتىدۇ.

You (they we) are not playing football.

سىز/سىلەر پۇتبول ئوينىمايۋاتىسىز.

D: I am a student. مەن ئوقۇغۇچى. (هازىرقى ئەھۋال)

I was a student. مەن ئوقۇغۇچى ئىدىم. (بۇرۇن)

We (they, you) are students. بىز ئوقۇغۇچى.

We (they, you) were students. بىز ئوقۇغۇچى ئىدۇق.

We (you, they) are studying English now.

بىز هازىر ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىمىز. (هازىر)

We (you, they) were studying English at this time yesterday.

بىز تۈنۈگۈن مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتقاندۇق. (بۇرۇن)

E: I am a girl. مەن بىر قىز. (be دىن كېيىن ئىسىم كېلىدۇ)



www.uyghurkitap.com

I am happy. مەن خۇشال. (be دىن كېيىن سۈپەت كېلىدۇ)

I am speaking. مەن سۆزلەۋاتىمەن.

(be دىن كېيىن پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى كېلىدۇ)

② چۇشۇم كېلىش ئالماش ۋە ئۆزلۈك ئالماشقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

A: I like him (her, it) مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

She helps me (us). ئۇ ماڭا① (بىزگە) ياردەم بېرىدۇ.

I will miss you. مەن سىزنى (سىلەرنى) ئەسلەپ تۇرىمەن.

I love him (them). مەن ئۇنى (ئۇلارنى) سۆيىمەن.

B: I studied English myself. مەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆزۈم ئۆگەندىم.

I will talk to the teacher himself.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىمەن.

③ ئاددىي سوراق جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

A: Did you study English? سىز (بۇرۇن) ئىنگلىزچە ئۆگەنگەنمۇ؟

Yes, I did. / No, I did not. ھەئە، ئۆگەنگەن/ياق، ئۆگەنمىگەن.

Do you study English every day? ھەر كۈنى ئىنگلىزچە ئۆگىنەمسىز؟

Yes, I do. / No, I do not. ھەئە، ئۆگىنىمەن/ياق، ئۆگەنمەيمەن.

Does she (he) study English? ئۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنەمدۇ؟

she does/No, she does not. ، Yes ھەئە، ئۆگىنىدۇ/ياق، ئۆگەنمەيدۇ.

B: Are you writing a letter? خەت يېزىۋاتامسىز؟

Yes, I am/No, I am not. ھەئە، يېزىۋاتىمەن/ياق، يازمايۋاتىمەن.

Is he (she) listening to music? ئۇ مۇزىكا ئاڭلاۋاتامدۇ؟

Yes, He (she) is/No, he (she) is not.

ھەئە، ئاڭلاۋاتىدۇ/ياق، ئاڭلىمايۋاتىدۇ.

C: Will you come? كەلمەكچىمۇسىز؟

Yes, I will/No, I will not. ھەئە، كەلمەكچى/ياق، كەلمەكچى ئەمەس.

Can you speak French? فرانسۇزچە سۆزلىيەلەمسىز؟

---

① ئىنگلىزچىدىكى چۈشۈم كېلىش ئالماشنى تەرجىمە قىلغاندا، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرچىدىكى ئالماشنىڭ كېيىن «نى» قاتىدىغان ئىش بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

Yes, I can/No, I can not. ھەئە، سۆزلىيەلەيمەن/ياق، سۆزلىيەلمەيمەن.

④ «s» قوشۇمچىسىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

My students are very clever. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم بەك ئەقىللىق.

I have two pens and three pencils.

مېنىڭ ئىككى قەلىمىم ۋە ئۈچ قېرىندىشىم بار.

She speaks English very well. ئۇ ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدۇ.

He often comes here. ئۇ بۇ يەرگە دائىم كېلىدۇ.

Tursun plays football sometimes. تۇرسۇن بەزىدە پۇتبول ئوينايدۇ.

**Demand** تەلەپ

## 1. دىئالوگ ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ

① بۇ دەرسنىڭ دىئالوگ قىسمىدا ئاساسەن دېگۈدەك «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدىغان ئاددەتتىكى سوراق جۈملىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۈلگىلەر بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ خىلدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى تۈزۈپ ئۆزئارا مەشىق قىلىشسا بولىدۇ.

② ئاددەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ ئەسلى شەكلى، قىسقىچە ئەستىن شەكلى، قىسقىچە ئىنكار شەكلىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ قۇرۇلمىغا چۈشۈرۈپ يېڭىچە جۈملىلەرنى تۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك.

③ ئېغىز تىلىدا ئىنكار جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تەركىبلەرنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بار. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك:

will not=won't, do not=don't, did not=didn't

can not=can't, does not=doesn't,

are not=aren't, is not=isn't

## 2. گرامماتىكا ۋە جۈملە شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك تەلەپ

① بۇ دەرسنىڭ گرامماتىكا قىسمىدا be پېئىلى ھەققىدە خۇلاسە بېرىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلەردە سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار 3- دەرسكە ئۆتۈشتىن بۇرۇن be پېئىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بولمىسا، كېيىنكى دەرسلەردە بەك

قىيىنلىپ قالىدۇ. چۈنكى، be پېئىلى ناھايىتى مۇھىم. نۇرغۇن ئەھۋالدا be پېئىلسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

② ئىنگلىز تىلىدىكى be پېئىلى ئارىلاشقان جۈملىلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان جۈملىلەرنىڭ شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش كېرەك. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ be پېئىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق.

③ چۈشۈم كېلىش ئالماش ۋە ئۆزلۈك ئالماشنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېقىپ، ئۆزئارا پەرقىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

## 3. سۆزلۈك ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپ

① بۇ دەرسنىڭ «سۆزلۈك گۈلزارى» نىڭ تۆر سۆز قىسمىدا ئىنگلىز تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم پېئىللار تونۇشتۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار شۇ پېئىللارنى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلمىسى تېكىستىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم تېكىست تۈزۈپ باقسا بولىدۇ.

② ئوقۇغۇچىلار سۆزنى پىششىق ئۆگىنىمەن دەيدىكەن، ئۇنى چوقۇم جۈملە ئىچىدە ئۆگىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ سۈپەت ۋە پېئىل، رەۋىشنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئورنىغا دىققەت قىلىش لازىم. سۆزنى ئايرىم، قارىسىغا يادلاشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

## Exercises مەشىق

### 1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1) دىئالوگدىكى جۈملە شەكىللىرىگە ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

① A: سىز ھازىر كىتاب ئوقۇۋاتامسىز؟ B: ھەئە.
② A: سىز ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتامسىز؟ B: ياق.
③ A: سىز كىتاب ئوقۇيالامسىز؟ B: ھەئە.
④ A: سىز ناخشا ئېيتالامسىز؟ B: ياق.
⑤ A: سىز ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەمسىز؟ B: ھەئە.

2) ئىككى ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ھازىرغىچە ئۆگەنگەن

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق هازىر داۋاملىشىۋاتقان ئەھۋالغا، ئەمدى بولىدىغان ئەھۋالغا، ئۆتۈپ كەتكەن ئەھۋالغا ۋە ئىقتىدارغا (مەلۇم ئىشنى قىلالايدىغان، قىلالمايدىغانلىقىغا) سوئال قويۇپ جاۋاب بېرىڭلار.

ئۈلگە

a. Are you ··· ing? ··· قىلىۋاتامسىز؟
b. Will you ···? ··· قىلامسىز؟
c. Did you ··· ··· قىلدىڭىزمۇ؟
d. Can you ··· ··· قىلالامسىز؟

## 2. سۆزلۈك گۈچۈن مەشىق

1) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللاپ بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار:

1. I (    ) go tomorrow. مەن ئەتە ماڭماقچى.
   a. will b. kill c. mill d. till
2. We (    ) to play football. بىز پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىمىز.
   a. bike b. hike c. like d. dislike
3. Did you (    ) this book? سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغانمۇ؟
   a. dead b. lead c. read d. head
4. I have (    ) English book. مېنىڭ بىر ئىنگلىزچە كىتابىم بار.
   a. fan b. an c. pan d. can

2) ئۈلگىگە قاراپ تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللار بويىچە جۈملىنى ئاخىرلاشتۇرۇڭلار.

play: ئۇ ئويناۋاتىدۇ. ئۈلگە: She is playing.

She is ······

① ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ.
② ئۇ ئۆگىنىۋاتىدۇ.
③ ئۇ مېڭىۋاتىدۇ.
④ ئۇ ئىشلەۋاتىدۇ.

⑤ ئۇ يېزىۋاتىدۇ.

## 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللاڭلار:

① I (　　) speak English. مەن ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيمەن.
a. will　b. did　c. can　d. do

② (　　) you like music? مۇزىكىنى ياخشى كۆرەمسىز؟
a. do　b. did　c. does　d. are

③ (　　) she like this? ئۇ بۇنى ياخشى كۆرەمدۇ؟
a. do　b. does　c. did　d. will

④ (　　) you come here before? سىز بۇ يەرگە كەلگەنمۇ؟
a. does　b. do　c. did　d. can

⑤ I studied English (　　). ئىنگلىزچىنى ئۆزۈم ئۆگەندىم.
a. himself　b. herself　c. yourself　d. myself

⑥ My mother likes (　　). ئانام مېنى ياخشى كۆرىدۇ.
a. mine　b. me　c. mine　d. I

2) تۆۋەندىكى ھەر قايسى جۈملىدە «s» قوشۇمچىسىنىڭ قانداق مەندە ۋە رولدا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

① She speaks English very well. ئۇ ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدۇ.

② This is Tursun's book. بۇ تۇرسۇننىڭ كىتابى.

③ I have two pens. مېنىڭ ئىككى قەلىمىم بار.

3) ئىنگلىز تىلىدا قانداق ئەھۋالدا سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ؟ مۇھاكىمە قىلىڭلار.

## 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

1) مەن پۇتبول ئوينىماۋاتىمەن.

2) مەن خەت يېزىۋاتمايمەن.

3) مەن سېمىز، ئۇ ئورۇق.

www.uyghurkitap.com

4) دوختۇرنىڭ ئىدىيىسى خاتا.
5) ئۇ بۇرۇن روسچە ئۆگەنگەن، هازىر ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىدۇ.
6) مەن بۈگۈن ئىشلىدىم، ئەتە ئىشلىمەيمەن.

## ئاڭلاپ چۈشىنىش Listening Comprehension

1. A: Do you like music?
   B: Yes, I do.
   A: Did you listen to Jazz music?
   B: No, I didn't. I used to hate it.
   A: Are you listening to music?
   B: No, I am not.

يۇقىرىقى دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى بايانلاردىن خاتاسى:

A. B كىشى مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ.
B. A كىشى جاز مۇزىكىلىرىغا ئۆچ.
C. B كىشى بۇرۇن جاز مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىمىغان.
D. B كىشى هازىر مۇزىكا ئاڭلاۋاتىدۇ.

2. A: Are you studying English?
   B: Yes, I am.
   A: Is he speaking?
   B: No, he is not.
   A: Are they playing football?
   B: No, they are not.

يۇقىرىقى دىئالوگنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكىلەردىن خاتاسى:

A. B كىشى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ.
B. ئۇ سۆزلىمەيۋاتىدۇ.
C. ئۇلار پۇتبول ئويناۋاتىدۇ.
D. A كىشمۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

1. ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنگلىزچە ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە لايىھىسى مۇكەممەل يوسۇندا بارلىققا كەلگىنى يوق. گەرچە ئىنگلىزچە كۇرسلار جىق ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاساسلىقى كىتابتا نېمە بولسا شۇنى ئۆگىتىش بىلەن چەكلىنىۋاتىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىگە ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشى، ھەر بىر ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچى ئۆزى نەپ ئالالايدىغان، ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك.

2. 30 ياشتىن بۇرۇنقى تەربىيە تىل تەربىيىسى بولۇش كېرەك. ھازىر ئۇيغۇر تىلىمىز رايون خاراكتېرلىك تىل بولۇپ قالدى. دۇنيانى چۈشىنىمىز، ئۆزىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئانا تىلىمىزنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارالىق تىللارنى ياش ۋاقتىمىزدىن باشلاپ ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. لېكىن بۇ جەريان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشقا ئاشمايدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ھازىردىن باشلاپ ئۆزىدىكى بوشاڭلىق، لايغەزەللىك قاتارلىق يارىماس ئىللەتلەرنى تاشلىشى، قەتئىي ئىرادە ۋە غايە تىكلىشى كېرەك.

3. «ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمىگەن كىشى قۇل دېمەكتۇر» دەيدۇ مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىنگلىز تىلىنى نەچچە يىل ئۆگىنىپمۇ تۈزۈك سۆزلىشەلمەيدىغانلار ناھايىتى جىق. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى جانلىق ئىشلەتمىگەنلىكىدە، سۆزلەپ ئەمەس، كۆرۈش، ئوقۇش ئارقىلىق ئۆگەنگەنلىكىدە. بىز ھەر قېتىمقى دەرسلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى دەۋرىي يوسۇندا قايتا - قايتا پىششىقلىشى ئۈچۈن تىرىشتۇق، نۇرغۇن جۈملە شەكىللىرىنى ئۆگەتتۇق. جۈملە شەكىللىرىنى بىر بىنانىڭ جاھازىسى دېسەك، سۆز شۇ بىنانى قوپۇرىدىغان كېسەكتۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىكلىۋالغان جاھازىسىغا كېسەكلەرنى سېلىپ پۇختا بىر بىنا قوپۇرۇپ چىقىشىغا تىلەكداشمىز.

## Adages هېكمەتلەر

1. Perfect practice makes perfect.
مۇكەممەل مەشىق ئادەمنى مۇكەممەل قىلىدۇ.
2. Rome wasn't built in a day.
رىم شەھىرى بىر كۈندىلا پۈتكەن ئەمەس (بەش قولنى ئېغىزغا تەڭ تىققىلى بولمايدۇ).
3. A friend in need is a friend indeed.
مۇھتاجلىقتا ئەسقاتقان دوست— ھەقىقىي دوستتۇر.

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

«سوراش»تا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

1. Can I ask a question? (Yes, of course!)
2. I can't understand you.
3. I want to ask a question.
4. Is it clear to you?
5. Pardon?
6. Excuse me, Can you repeat it?

Please try to be happy every moment.
ھەر قاچان خۇشال ياشاشقا تىرىشىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# Unit 3 ئۈچىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Introduction تونۇشۇش**

| Instruction | كۆرسەتمە |
|---|---|
| دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى | ① Let me introduce myself. I am … |
| | ② This is … She (he) is … |
| | ③ May I introduce you to … |

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر 4. تۈر سۆزلەر 5. سۆزلەر ئۈچۈن ئىزاھات ۋە مىسال

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

**Text** تېكىست

تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

**Grammar** گىراماتىكا

1. ئىنگلىز تىلىدىكى سوئال ئالماش 2. ئىنگلىز تىلىدىكى ئالاھىدە سوراق جۈملە 3. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە (پېئىلنىڭ تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى) 4. ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك

www.uyghurkitap.com

شەكلى 5. گرامماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

**Demand** **تەلەپ**

1. دىئالوگ ئۇچۇن تەلەپ 2. گرامماتىكا ۋە جۈملە شەكلى ئۇچۇن تەلەپ 3. سۆزلۈك ئۇچۇن تەلەپ

**Exercises** **مەشىق**

1. دىئالوگ ئۇچۇن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۇچۇن مەشىق 3. تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۇچۇن مەشىق

**Listening Comprehension** **ئاڭلاپ چۈشىنىش**
**Reminds And adages** **ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت**
**Reading Comprehension** **ئوقۇپ چۈشىنىش**

# Unit 3 ئۈچىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Theme: Introduction تونۇشۇش

تونۇشۇش كىشىلىك ئالاقىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئىش. ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش ۋە باشقىلار بىلەن تونۇشۇشتىكى مەقسەت قارشى تەرەپ بىلەن ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا تونۇشتۇرۇش سەنئىتىنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئامېرىكىلىقلار ۋە ئىنگلىزلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ «سەنئەت»نى ياخشى ئىگىلىۋېلىشىنى سورايمىز.

#### ئۆزئارا تونۇشقاندا

A: Hi, let me introduce myself. I am Tom.

B: How do you do, Tom? My name is Kate.

A: How do you do, Kate? Are you a new comer?

B: Yes, I am. Let's be friends.

#### باشقىلارنى تونۇشتۇرغاندا

A: Hi, John, this is Aynur, she is my classmate.

B: It's nice to meet you, Aynur.

A: Aynur, John is my friend.

C: Nice to meet you, too.

#### باشقىلارغا تونۇشتۇرغاندا

A: May I introduce you to Jack?

www.uyghurkitap.com

B: I think we know each other.
C: Yes, I remember you.
B: Yes, it was last month.

**Instruction** كۆرسەتمە

1. باشقىلارنى تونۇشتۇرغاندا، ئادەتتە ساھىبخاننى مېھمانغا، ياشلارنى چوڭلارغا تونۇشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر تونۇشتۇرۇلغۇچى ئابرۇيى ئۈستۈن، كۆپكە تونۇش كىشى بولسا، باشقىلارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇش كېرەك.

2. introduce sb. (مەلۇم ئادەم) to sb. نىڭ مەنىسى مەلۇم كىشىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

## دىئالوگدىكى يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. let [let] *v.* | يول قويماق، ... قىلايلى، ئېتەيلى |
| 2. introduce [ˌintrəˈdju:s] *v.* | تونۇشتۇرماق |
| 3. new comer [nju: ˈkʌmə] *n.* | يېڭى كەلگۈچى |
| 4. friend [frend] | دوست |
| 5. classmate [ˈklɑ:smeit] | ساۋاقداش |
| 6. know [now] | بىلمەك، تونۇماق |
| 7. each other [i:tʃ ˈʌðə] *adv.* | ئۆزئارا |
| 8. remember [riˈmembe] *v.* | ئەستە ساقلىماق، ئەسلىمەك |
| 9. last month [lɑ:st mʌnθ] | ئالدىنقى ئاي |

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1. let [let] *v.* | يول قويۇش | bet [bet] *v.* | ئۇتتۇشماق، گرو باغلاشماق |
| get [get] *v.* | ئېرىشىش | net [net] *v.* | تور |
| yet [yet] *adv.* | تېخىچە ... | set [set] *v.* | ئورناتماق |
| 2. new [nju:] *adj.* | يېڭى | few [fju:] *adj.* | ئاز |

dew [dju:] *n.* شەبنەم

3. class ['klɑ:s] *n.* سىنىپ  glass ['glɑ:s] *n.* رومكا، جام

grass ['grɑ:s] *n.* چۆپلۈك

4. each [i:tʃ] *adv.* ھەرقايسى  *pron.* ھەربىر

peach [pi:tʃ] *n.* شاپتۇل  teach [ti:tʃ] *v.* ئۆتمەك، ئۆگەتمەك

5. remember [ri'membə] *v.* ئەسلىمەك  member [məmbə] *n* ئەزا

6. last [lɑ:st] *adj.* ئالدىنقى  fast [fɑ:st] *adv.* تېز، چاپسان

cast [kɑ:st] *v.* تاشلىماق، ئاتماق

## 2. ئورتاق سۆزلەر

1. drama ['drɑ:mə] *n.* دراما
2. real [riəl] *adj.* رېئال، چىن
3. theatre ['θ:ətə] *n.* تىياتىرخانا، تىياتىر
4. concrete ['kɔnkri:t] *adj.* كونكرېت
5. artist ['ɑ:tist] *n.* ئارتىس، سەنئەتكار
6. comedy ['kɔmidi] *n.* كومېدىيە
7. computer [kəm'pju:tə] *n.* كومپيۇتېر

## 3. قارمۇ قارشى سۆزلەر

1. let [let] *v.* يول قويماق ←——→ forbid چەكلىمەك
2. friend [frend] *n.* دوست ←——→ enemy دۈشمەن
3. remember [ri:məmbə] *v.* ئېسىدە تۇتماق ←→ forget ئۇنتۇپ قالماق
4. last [lɑ:st] *adj.* ئالدىنقى ←——→ next كېيىنكى
5. few [fju:] *adj.* ئاز ←——→ a lot of نۇرغۇن

## جۈملىلەر

1. Don't <u>forbid</u> me. <u>Let</u> me speak something to him.

   مېنى توسما، ئۇنىڭغا ئازراق بىر نەرسە دەۋالغىلى قوي.

2. We should <u>remember</u> our <u>friends</u>. But. we shouldn't <u>forget</u> our <u>enemies</u>.

www.uyghurkitap.com

بىز دوستلىرىمىزنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك. لېكىن، دۈشمەنلىرىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

3. He came last month. Maybe he will go next week.

ئۇ ئالدىنقى ئايدا كەلگەن، بەلكىم كېيىنكى ھەپتە كېتىشى مۇمكىن.

4. They have a lot of money. But, I have very little.

ئۇلارنىڭ جىق پۇلى بار، لېكىن مەندە پۇل بەك ئاز.

## 4. تۈر سۆزلەر

(سوئال ئالماشلار ۋە سوئال رەۋىشلەر)

| | |
|---|---|
| 1. what [wɔt] *pron.* | نېمە، قانداق |
| What is your name? | ئىسمىڭىز نېمە؟ |
| 2. who [huː] *pron.* | كىم |
| Who are you? | سەن كىم؟ |
| 3. which [witʃ] *adv.* | قايسى |
| Which book is yours? | قايسى كىتاب سېنىڭكى؟ |
| 4. where [wɛə] *adv.* | قەيەر، نە |
| Where are you from? | سىز قەيەردىن كەلگەن؟ |
| 5. when [wen] *adv.* | قاچان |
| When did you come? | سىز قاچان كەلگەن؟ |
| 6. whose [huːz] *pron.* | كىمنىڭ |
| Whose book is this? | بۇ كىمنىڭ كىتابى؟ |
| 7. whom [huːm] *pron.* | كىمنى |
| Whom did you see? | سىز كىمنى كۆردىڭىز؟ |
| 8. how [haw] *adv.* | قانداق |
| How is your life? | كۈنلىرىڭىز قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ |

## A Little Present — كۆڭۈل سوۋغىسى

**One Thing at a Time** — بىر ۋاقىتتا بىر ئىش

Work while you work, — ئىشلىگەندە ئىشلەڭ بېرىلىپ،

Play while you play. — ئوينىغاندا ئويناڭ قانغۇچە.

| | |
|---|---|
| This is the way, | بۇ بىر ئۇسۇل، ئەمەل قىلسىڭىز، |
| To be cheerful and gay. | خۇشال، شادىمان ياشارسىز شۇنچە. |
| | |
| Whatever you do, | قانداقلا ئىش قىلسىڭىز مەيلى، |
| Do with your might. | بار كۈچ بىلەن قىلىڭ ۋە لېكىن. |
| Things done by halves, | چالا - بۇلا قىلىنسا ھەر ئىش، |
| Are never done right, | ئۇمىد يوقتۇر غەلىبە دېگەندىن. |
| | |
| One thing at a time. | بىر ۋاقىتتا قىلىڭ بىر ئىشنى، |
| And that done well, | يەتكۈزۈڭ ھەم ئۇنى ۋايىغا. |
| Is a very good rule. | بۇ ھاياتنىڭ ياخشى مىزانى، |
| As many can tell, | نۇرغۇن كىشى پۈككەن دىلىغا. |
| | |
| Moments are useless. | قەدرى بولماس ۋاقىتنىڭ پەقەت، |
| When trifled away. | مەنىسىزلا ئۆتسە ناۋادا. |
| So work while you work, | ئىشلىگەندە ئىشلەڭ بېرىلىپ، |
| And play while you play. | ئوينىغاندا ئويناڭ ھەم شۇڭا. |

| | |
|---|---|
| 1. work [wəːk] *n. v.* | خىزمەت، ئىش، ئىشلىمەك |
| 2. while [wail] *conj.* | ... قىلغان ۋاقىتتا ... غان چاغدا |
| 3. cheerful['tʃiəfəl] *adj.* | خۇشال، شادىمان |
| 4. gay [gei] *adj.* | خۇشال، بەختىيار |
| 5. whatever [wɔt'evə] *pron.* | قانداقلا بولمىسۇن |
| 6. might [mait] *n.* | ھوقۇق، ئەمەلىي كۈچ، بەلكىم |
| 7. half [hɑːf] *adj.* | يېرىم، چالا |
| 8. thing [θiŋ] *n.* | نەرسە، ئىش |
| 9. moment ['moumənt] *n.* | دەقىقە، ۋاقىت |
| 10. trifle ['traifl] *v. n.* | بىكار ئۆتكۈزىۋەتمەك، ئەرزىمەس |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## Text    تېكىست

### One Day of Mine    مېنىڭ بىر كۈنۈم

Today I got up very early and had breakfast, and went to the school. After attending my classes, I had lunch and played football with my classmates. In the afternoon I read my textbook and studied English. In the evening I came back my home and had supper. After doing my homework, I went to bed.

### Words    سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. today [tə'dei] *n. adv.* | بۈگۈن |
| 2. get up [get ʌp] *phr.* | ئورنىدىن تۇرۇش |
| 3. early ['əːli] *adj. adv.* | بۇرۇنقى، بالدۇر |
| 4. breakfast ['brekfəst] *n.* | ئەتىگەنلىك تاماق |
| 5. went [went] *v.* | بارماق (go نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) |
| 6. had [hæd] | ① يېمەك ② بار، بولماق (have نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) |
| 7. school [skuːl] *n.* | مەكتەپ |
| 8. attend [ə'tend] *v.* | قاتناشماق |
| 9. lunch [lʌntʃ] *n.* | چۈشلۈك تاماق |
| 10. classmate ['klɑːsmeit] *n.* | ساۋاقداش |
| 11. with [wið] *prep.* | بىلەن، ... بىللە، |
| 12. textbook ['tekstbuk] *n.* | دەرسلىك |
| 13. come back [kʌm bæk] *phr.* | قايتىپ كېلىش |
| 14. supper ['sʌpə] *n.* | كەچلىك تاماق |
| 15. homework ['houmwəːk] *n.* | تاپشۇرۇق |
| 16. go to bed [gəu tə bed] *phr.* | (كارىۋاتقا چىقىپ) ئۇخلىماق |

### تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

1. بۇ تېكىستتە پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن كېلىدىغان جۈملىلەر تونۇشتۇرۇلدى. ئۆتكەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىنگلىز

تىلىدا قائىدىلىك پېئىللاردىن كېيىن «ed» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. تېكىستتىكى «play» ۋە «attend» قائىدىلىك پېئىللاردۇر. شۇڭا كەينىدىن «ed» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

2. ئىنگلىز تىلىدا go، come، have قاتارلىق پېئىللار قائىدىسىز پېئىللار بولۇپ، ئاخىرىغا «ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى يادلاش كېرەك. بۇ تېكىستتىكى قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى تۆۋەندىكىچە:

| ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى | ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى |
|---|---|---|
| get | got | got |
| have | had | had |
| go | went | gone |
| read | read | read |
| come | came | come |
| do | did | done |

يۇقىرىقى قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى have ۋە had دىن كېيىن كېلىپ، پۈتكەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى كېيىنكى دەرسلەردە تېخىمۇ سىستېمىلىق سۆزلەيمىز.

3. تېكىستتىكى «have» پېئىلى ھەم مۇستەقىل پېئىل، ھەم ياردەمچى پېئىل. مۇستەقىل پېئىل بولغاندا دائىم ئۇچرايدىغان تۆۋەندىكىدەك مەنىلىرى بار:

have lunch (supper) — چۈشلۈك (كەچلىك) تاماق يېمەك

I have a pen. — مەندە بىر قەلەم بار.

Did you have a cold? — زۇكام بولدىڭىزمۇ؟ (گرىپتار بولۇش)

have پېئىلى ياردەمچى پېئىل بولغاندا ① ھازىر پۈتكەن ھەرىكەتنىڭ سوئال جۈملىسىنى ياسايدۇ ② ھازىر پۈتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

① Have you done your homework?

تاپشۇرۇقىڭىزنى ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟

② I have just come. — مەن بايىلا كەلدىم.

4. تېكىستتىكى «get» قائىدىسىز پېئىل بولۇپ، ئۇنىڭمۇ «تۇرماق، ئېرىشمەك، بارماق، چۈشەنمەك» دېگەنگە ئوخشاش كۆپ ئۇچرايدىغان مەنىلىرى بار.

① Please get up early. — ئورنىڭىزدىن سەھەر تۇرۇڭ.

② Did you get some money? — ئازراق پۇلغا ئېرىشەلىدىڭىزمۇ؟

③ How can I get there? — ئۇ يەرگە قانداق بارىمەن؟

④ I don't get you. — گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

## Grammar — گرامماتىكا

### ئىنگلىز تىلىدىكى سوئال ئالماش

ئالاھىدە سوراقنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئالماشلار سوئال ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى سوئال ئالماشلار what (نېمە)، who (كىم)، whom (كىمنى)، whose (كىمنىڭ)، which (قايسى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. what ۋە which لارنى ھەم ئادەمگە، ھەم ئىش ۋە شەيئىگە سوئال قويغاندا ئىشلەتسەك بولىۋېرىدۇ. سوئال ئالماشلار جۈملىدە ئىگە، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، ئالاھىدە سوراق جۈملىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

① What is the matter? — نېمە ئىش بولدى؟ (ئىگە)

② What is that? — ئۇ نېمە؟ (كېسىم خەۋەر)

③ Which one did you see? — سىز قايسىسىنى كۆردىڭىز؟ (تولدۇرغۇچى)

④ Whose book is this? — بۇ كىمنىڭ كىتابى؟ (ئېنىقلىغۇچى)

⑤ Whom do you like? — سىز كىمنى ياخشى كۆرىسىز؟ (تولدۇرغۇچى)

⑥ Who is this man? — بۇ كىشى كىم؟ (ئىگە)

### ئىنگلىز تىلىدىكى ئالاھىدە سوراق جۈملە

سوئال ئالماش ياكى سوئال رەۋىشى (how) بىلەن باشلىنىپ كېلىدىغان، جاۋابى ئۇچۇن «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولمايدىغان سوراق جۈملە ئالاھىدە سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرى تۆۋەن ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. تۆۋەندىكى

جۈملىلەر ئارقىلىق ئادەتتىكى سوراق جۈملە بىلەن ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ پەرقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

| ئالاھىدە سوراق جۈملە | ئادەتتىكى سوراق جۈملە |
| --- | --- |
| ① What do you like?<br>I like music.<br>نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟<br>مۇزىكىنى ياخشى كۆرىمەن. | Do you like music?<br>Yes, I do.<br>مۇزىكىنى ياخشى كۆرەمسىز؟<br>ھەئە، ياخشى كۆرىمەن. |
| ② Who is your father?<br>That man is my father.<br>دادىڭىز كىم بولىدۇ؟<br>ئاۋۇ ئادەم مېنىڭ دادام بولىدۇ. | Is that man your father?<br>Yes, he is.<br>ئاۋۇ ئادەم دادىڭىزمۇ؟<br>ھەئە، شۇ. |
| ③ Whose book is this?<br>This is Alim's book.<br>بۇ كىمنىڭ كىتابى؟<br>بۇ ئالىمنىڭ كىتابى | Is it Alim's book?<br>Yes, it is.<br>بۇ ئالىمنىڭ كىتابىمۇ؟<br>ھەئە، ئالىمنىڭ كىتابى. |
| ④ Whom did you see?<br>I saw John.<br>سىز كىمنى كۆردىڭىز؟<br>مەن جوننى كۆردۈم. | Do you see John?<br>No, I don't.<br>جوننى كۆرۈۋاتامسىز؟<br>ياق، كۆرمەيۋاتىمەن. |
| ⑤ How did you study English?<br>I studied English by myself.<br>ئىنگلىز تىلىنى قانداق ئۆگەندىڭىز؟<br>ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەندىم. | Did you study English by yourself?<br>Yes, I did.<br>ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگەندىڭىزمۇ؟<br>ھەئە، ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەندىم. |

## ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ( I )

1. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار شۇ پېئىلنىڭ جۈملىدە مۇستەقىل لىكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتالايدىغان - ئاڭلىتالمايدىغانلىقىغا قاراپ مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياردەمچى پېئىل مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتماستىن سوئال، ئىنكار، زامان مەنىلىرىنى بىلدۈرۈشتە

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدۇ. have پېئىلى تۆۋەندىكى جۈملىنىڭ بىرىنچىسىدە مۇستەقىل پېئىل، ئىككىنچىسىدە ياردەمچى پېئىل بولغان.

① I have two pens. مېنىڭ ئىككى قەلىمىم بار. (مۇستەقىل)

② I have not read it, yet. مەن ئۇنى تېخى ئوقۇمىدىم. (ئىنكار)

sit، stand، walk قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل پېئىللاردۇر.

do مۇ «have» پېئىلىغا ئوخشاش ھەم مۇستەقىل پېئىل، ھەم ياردەمچى پېئىل بولىدۇ. مۇستەقىل پېئىل بولغاندا «قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I want to do my homework.

مەن تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلىمەكچى.

do پېئىلى ياردەمچى پېئىل بولغاندا تۆۋەندىكىدەك سوئال، ئىنكار مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ:

① Do you like to sing songs? (سوئال)

ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ (دائىملىق ھەرىكەتكە سوئال)

② Did you come here before? (سوئال)

سىز بۇ يەرگە بۇرۇن كەلگەنمۇ؟ (ئۆتكەن ھەرىكەتكە سوئال)

③ Does she like music? (سوئال)

ئۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ (ئۈچىنچى شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە سوئال)

④ I don't like to sing songs. (ئىنكار)

مەن ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. (دائىملىق ئەھۋالنى ئىنكار قىلىش)

⑤ I didn't come here before (ئىنكار)

مەن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان. ئۆتكەندىكى ئەھۋالنى ئىنكار قىلىش)

⑥ She doesn't like music. (ئىنكار)

ئۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. (ئۈچىنچى شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلىش)

بىز بۇرۇن ئۆتكەن be پېئىلىمۇ ياردەمچى پېئىل بولۇپ، ھەرخىل زامان مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

2. ئىنگلىز تىلىدا پېئىللار يەنە «قىلدى، ئەتتى» شەكلىدىكى ئۆتكەن زامان مەنىسى ئۈچۈن پېئىلنىڭ كەينىدىن (ed) قوشۇمچىسىنى قېتىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا ئاساسەن قائىدىلىك پېئىل ۋە قائىدىسىز پېئىل دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قائىدىلىك پېئىلدىن كېيىن «ed» نى قاتقىلى بولىدۇ. قائىدىسىز پېئىلنىڭ ئايرىم ئۆزگىرىدىغان شەكلى بار.

بىز ھازىرغىچە ئۆگەنگەن «attend، study، play» قاتارلىق پېئىللار قائىدىلىك پېئىللاردۇر. ئارقىسىدىن «ed» نى قاتقىلى بولىدۇ.

ئوينىدى played ، قاتناشتى attended

ماڭدى walked ، ئۆگەندى studied

بىز ھازىرغىچە ئۆگەنگەن «get، go، come» قاتارلىقلار قائىدىسىز پېئىللاردۇر. ئۇلارنىڭ كەينىدىن «ed» نى قاتقىلى بولمايدۇ، مەسىلەن:

ئۇ كېتىپ قالدى. She went away. (ئەسلى شەكلى go)

ئۇ كەلدى. He came. (ئەسلى شەكلى come)

3. ئىنگلىز تىلىدا پېئىللارنىڭ شەكلى بەش خىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار پېئىلنىڭ ① ئەسلى شەكلى ② ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ③ ئۆتكەن زامان شەكلى ④ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ⑤ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە «go، come، play» قاتارلىقلارنىڭ بەش خىل شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

| ئەسلى شەكلى | ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى | ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى | ھازىرقى زامان تارماق شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| go | goes | went | gone | going |
| كېتىش | كېتىدۇ | كەتتى | كېتىپ قالدى | كېتىۋاتىدۇ |
| come | comes | came | come | coming |
| كېلىش | كېلىدۇ | كەلدى | كەلدى (بايا) | كېلىۋاتىدۇ |
| play | plays | played | played | playing |
| ئويناش | ئوينايدۇ (دائىم) | ئوينىدى | ئوينىدى (بايا) | ئويناۋاتىدۇ |

بىز يۇقىرىقىلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق تۆۋەندىكى خۇلاسىگە ئېرىشەلەيمىزكى: ① پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى لۇغەتتە بېرىلگەن،

ئارقىسىدىن ھېچقانداق قوشۇمچە قېتىلمايدىغان پېئىل شەكلىدۇر. ② پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىدىن كېيىن «s» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ③ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قائىدىلىك پېئىلدىن كېيىن «ed» قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قائىدىسىز بولۇپ قالغاندا قائىدىسىز پېئىللار جەدۋىلىدىكى ئىككىنچى پېئىل شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ④ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئارماق شەكلىمۇ ئۆتكەن زامان شەكلىگە ئوخشاشلا قائىدىلىك پېئىلدا ed قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. (لېكىن ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشاش ئەمەس)، قائىدىسىز پېئىللاردا جەدۋەلدىكى ئۈچىنچى پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. ⑤ پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى پېئىلدىن كېيىن «ing» قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

يۇقىرىدا ھەر قايسى پېئىل شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىنى ئاددىي قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى كېيىنكى دەرسلەردە سۆزلەيمىز.

4. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا، ئىنگلىز تىلىدا تۇسلۇق پېئىل (should، will، may، must) قاتارلىقلار ۋە ئىبارىلىك پېئىل (come back، go to bed) قاتارلىقلار بار. ئۇنىمۇ كېيىنكى دەرسلەردە چۈشەندۈرىمىز.

## ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ۋە كۆپلۈك شەكلى

ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى شۇ ئىسىمنىڭ ئۆزىنى، يەنى ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلمىغان شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولسا ئىسىملاردىن كېيىن «s» قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

pen → pens,　　student → students

قەلەم → قەلەملەر　　ئوقۇغۇچى → ئوقۇغۇچىلار

بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

child → children,　man → men,　woman → women

بالا → بالىلار،　ئەر → ئەرلەر،　ئايال → ئاياللار



www.uyghurkitap.com

foot → feet, tooth → teeth, mouse → mice

چاشقانلار → چاشقان، چىشلار → چىش، پۇتلار → پۇت

بىر قىسىم ئىسىملار (مەسىلەن، sheep قوي، deer بۇغا) بىرلىك ۋە كۆپلۈككە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئىسىمدىن كېيىن «s» قوشۇمچىسى قېتىلمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

one sheep → ten sheep one deer → ten deer

ئون قوي → بىر قوي ئون بۇغا → بىر بۇغا

ئادەتتە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ياسالمايدۇ. ئەگەر كۆپلۈكتە قوللانماقچى بولسا بۇ سۆزلەرنىڭ مىقدارى سۆزلىرىنىڭ كۆپلۈك شەكلى ياسىلىدۇ.

ئىككى قۇتا سىياھ بىر قۇتا سىياھ

a bottle of ink → two bottles of ink

ئۇيغۇر تىلىدا «خەۋەرلەر، مۇزىكىلار» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئىنگلىز تىلىدا «news، music» لاردىن كېيىن «s» قېتىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا «a piece of ...» دېگەن مىقتار سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككى خەۋەر بىر خەۋەر

a piece of news → two pieces of news

ئىككى مۇزىكا بىر مۇزىكا

a piece of music → two pieces of music

## گىرامماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

1. What is your + ئىسىم ? — سىزنىڭ ... نېمە؟
   Who is your + ئىسىم ? — كىم سىزنىڭ ... ؟
   How do you + پېئىل ...? — سىز ... نى قانداق قىلىسىز؟
   Whose + ئىسىم is this? — بۇ كىمنىڭ ...؟
   Which do you + پېئىل ? — سىز قايسىنى ... ؟
   Where did you + پېئىل ? — سىز قەيەردە ... غان؟
   Whom do you + پېئىل ? — سىز كىمنى ... سىز؟

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 2. I don't + ئەسلى پېئىل (you, they, we) | مەن (ئادەتتە)… قىلمايمەن. |
| I didn't + ئەسلى پېئىل (you, they, we) | مەن (بۇرۇن) … قىلمىغان. |
| She doesn't + ئەسلى پېئىل (he, it) | ئۇ (ئادەتتە) … قىلمايدۇ. |
| 3. Do you + ئەسلى پېئىل ? | سىز (ئادەتتە) …قىلامسىز؟ |
| Did you + ئەسلى پېئىل ? | سىز (بۇرۇن) … قىلغانمۇ؟ |
| Does she + ئەسلى پېئىل ? | ئۇ (ئادەتتە) … قىلامدۇ؟ |
| 4. I am + پېئىل + ing | (هازىر) … قىلىۋاتىمەن. |
| You are + پېئىل + ing | (هازىر) … قىلىۋاتىسىز؟ |
| He (she) is + پېئىل ing + | ئۇ … (هازىر) قىلىۋاتىدۇ |
| 5. {قائىدىسىز پېئىل بۇنىڭ سىرتىدا} I+پېئىل+ed | … قىلدىم. |
| You+پېئىل+ed (she, he) | … قىلدىڭىز. |

**Demand** تەلەپ

بۇ دەرسنىڭ دىئالوگ قىسمىدا ئۆزئارا تونۇشتۇرغاندا ئىشلىتىلىدىغان جۈملىلەر، تېكىست قىسمىدا پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن كەلگەن مەزمۇن، گرامماتىكا قىسمىدا دىئالوگ ۋە تېكىستكە مۇناسىۋەتلىك گرامماتىكىلىق بىلىملەر تونۇشتۇرۇلدى. دەرسنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا زەنجىرسىمان باغلىنىش بار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكنى ئۆلۈك ئۆگەنمەسلىكىنى، ئالدىنقى قىسمىدا چالا قالغان يەرلەرنى كېيىنكى قىسمىدا تولۇقلىۋېلىشىنى سورايمىز. شۇنداق بولغاندىلا دەرسنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنىڭ ئەھمىيىتى ھەقىقىي گەۋدىلىنىدۇ.

## دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1. ئارقا كۆرۈنۈش: ئالىم ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە جون ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. كېيىن ئالىم جوننى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىردى. جون كەلگەندە ئالىمنىڭ دادىسى، ئانىسى خۇش كۈلۈپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئالىم جوننى دادىسى - ئانىسىغا، دادىسى - ئانىسىنى جونغا تونۇشتۇردى. ئۇنداق بولسا سىز ئۆزىڭىزنى ئالىمنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭ:

جون: (ئۆيگە كىرىپ) ياخشىمۇسىلەر؟

ئالىمنىڭ ئاتا - ئانىسى: ياخشىمۇسىز! قېنى، ئولتۇرۇڭ!

ئالىم (جوننى ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ): بۇياق، مېنىڭ دوستۇم جون. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتىدۇ.

ئالىمنىڭ ئاتا - ئانىسى: سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇشالمىز.

ئالىم (ئاتا-ئانىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): جون، بۇياق مېنىڭ دادام، بۇياق مېنىڭ ئانام.

جون: سىلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن.

ئالىمنىڭ ئاتا - ئانىسى: (چىقىپ كېتىۋېتىپ) تارتىنماي ئولتۇرۇڭ.

2. ئالىم بىر كۈنى ئاغىنىسى قاسىمنى چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇنداق بولسا ئالىم ئاۋۋال دوستىنى چوڭ دادىسىغا تونۇشتۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى چوڭ دادىسىنى ئاۋۋال دوستىغا تونۇشتۇرۇشى كېرەكمۇ؟ بىر ساۋاقدىشىڭىز بىلەن مۇشۇ كۆرۈنۈشكە ئاساسەن بىر دىئالوگ تۈزۈپ چىقىڭ ۋە ئورۇنداڭ.

## 2- سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچىسىدىن ئۆز ئارا ماس كېلىدىغانلىرىنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| net | تېخىچە | new | شەبنەم |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| get | يول قويۇش | dew | ئازراق |
| let | ئېرىشىش | few | يېڭى |
| yet | تور | | |
| cach | ئۆگىنىش | grass | سىنىپ |
| teach | شاپتول | glass | رومكا، ئەينەك |
| peach | ھەربىر | class | چۆپلۈك |

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزىنى يېزىڭلار:

① forbid ↔ ② enemy ↔ ③ forget

④ next ↔ ⑤ lot↔

3. تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئىنگلىزچىدە شۇ ئاھاڭدا بارلىقىنى دەپ بېرىڭلار ۋە ئىنگلىزچىسىنى يېزىڭلار:

① رېئال ② رومكا ③ كونكېرت

④ كومپيۇتېر ⑤ ئادەم ⑥ دراما

⑦ كىنو ⑧ كومېدىيە ⑨ تىياتىر

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

① بۇ قەيەر؟

② بۇ كىم؟

③ بۇ قايسى كىتاب؟

④ بۇ كىمنىڭ كىتابى؟

⑤ كىمنى كۆردىڭىز؟

⑥ بۇ نېمە؟

⑦ ئىنگلىزچىنى قانداق ئۆگەندىڭىز؟

⑧ قاچان كەلدىڭىز؟

## تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1. «مېنىڭ بىر كۈنۈم» دېگەن بۇ تېكىستتە «مەن» ئەتىگەندىن كەچكىچە نېمىلەرنى قىلدى؟ ئىنگلىزچە دەپ بېرىڭلار ۋە «قىلدى، ئەتتى»

گە ئۇدۇل كېلىدىغان پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭلار.

2. تېكىستتە تەقلىد قىلىپ، بۈگۈن ئۆزۈڭلار قىلغان ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىڭلار.

## پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان سۆز-ئىبارىلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| went to … | … غا بارماق | wrote a letter | خەت يازماق |
| watch TV | تېلېۋىزور كۆرمەك | in the morning | ئەتىگەندە |
| in the evening | كەچتە | | |

3. تۆۋەندىكى ئالاھىدە سوراق جۈملىگە جاۋاپ بېرىڭلار، ئاندىن ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئۆزئارا سورىشىپ ئۇنى Yes/No لۇق ئاددىي سوراق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

① What do you like?
② Which is your book?
③ What is your name?
④ Who is your teacher?
⑤ Where are you from?
⑥ When did you come?

4. تېكىستكە ۋە گىراماتىكىلىق مەزمۇنغا ئاساسەن تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ قايسىسىنىڭ قائىدىلىك پېئىل، قايسىسىنىڭ قائىدىسىز پېئىل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭلار ۋە قائىدىلىك پېئىل ئارقىسىدىن «ed» نى قېتىپ جۈملە تۈزۈڭلار، ئاندىن ئاشۇ پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى، ئۆتكەن زامان شەكلى، ھازىر زامان ئارماق شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار:

play, come, go, study, walk, do, have, get, stay, sit, stand

| قائىدىسىز پېئىللار | قائىدىلىك پېئىللار |
|---|---|
| | |

5. do، have پېئىللىرى تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قايسىسىدا مۇستەقىل مەنىدە، قايسىسىدا ياردەمچى مەنىدە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار ۋە مەنىسىنى ئېيتىڭلار:

① Do you have a pen?

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

② <u>Did</u> you <u>do</u> your homework?

③ I <u>have done</u> my homework.

④ I <u>have</u> a pen.

⑤ <u>Does</u> she <u>have</u> her sister?

⑥ I <u>had</u> a cold.

6. چۈشەنچەڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاپ بېرىڭلار:

① قائىدىلىك پېئىل، قائىدىسىز پېئىل، مۇستەقىل پېئىل، ياردەمچى پېئىل ۋە پېئىلنىڭ بەش خىل شەكلى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

② ھەر قانداق ئىسىمدىن كېيىن «لار، لەر» مەنىسى ئۈچۈن «s» قوشۇمچىسىنى قاتقىلى بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

## Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

تۆۋەندىكى دىئالوگقا ئاساسەن بىرلا جاۋابنى تاللاڭلار:

① A: When did you come? B: The day before yesterday.

A. كىشى بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟

A: today B: yesterday

C: the day before yesterday D: tomorrow

② A: What will you do tomorrow, John?

B: I'll go to my school and attend class. Then I'll play football.

دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا جوننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قىلىدىغان ئىشى: ( )

A. تاماق يېيىش B. مەكتەپكە بېرىش

C. دەرسكە قاتنىشىش D. پۇتبول ئويناش

③ What are you doing, Alim?

B: I am doing my homework while listening to music.

دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئالىم ھازىر: ( )

A. ھېچنېمە قىلماي مۇزىكا ئاڭلاۋاتىدۇ.

B. مۇزىكا ئاڭلىغاچ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ.
C. ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ.
D. جاز مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاۋاتىدۇ.

## Reminds and Adage ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

بۇ دەرستە سوئال ئالماش ۋە ئالاھىدە سوراق جۈملە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئالاھىدە سوراق جۈملىنى تۈزگەندە ھەمىشە ئۇيغۇرچە تەپەككۇرغا ئاساسەن when، where قاتارلىق سوئال سۆزلىرىدىن كېيىن ھەمىشە «can، will، do» قاتارلىق رول سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

| توغرىسى: | ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە خاتا ئىشلىتىدىغان سوئال جۈملە |
|---|---|
| What do you study? | ① What you study? |
| When will you come? | ② When you come? |
| What can I do? | ③ What I do? |

يۇقىرىقى توغرىلانغان جۈملىلەردە do، will، what قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا، ئىگىنىڭ قايسى تەرىپىدە كەلگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار.

### An adages ھېكمەت

| | |
|---|---|
| Still water runs deep. | چوڭقۇر دەريا جىمجىت ئاقىدۇ. |

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

«تونۇشتۇرۇش» تا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

1. Hi! I'm John.
2. May I introduce myself, I'm Jean.
3. I have heard about you.
4. How do you do? I'm John West.
5. Look, here is David.
6. This is Robert, manager of the computer company.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى دەرس Unit 4

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Thanks and Apologies**

رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراش

كۆرسەتمە — Instruction

دىئالوگدىكى جۈملە شەكىللىرى

① Here is ··· for ···
② Thank you ··· for···
③ Excuse me for···
④ Something wrong with ···

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. ئاپېيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تۈر سۆزلەر 5. ئوقۇلۇشى يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشاش سۆزلەر
6. سۆزلەر ئۈچۈن ئىزاھات

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

It can't be done — بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ

**Text** — تېكىست

An American Driver — ئامېرىكىلىق شوپۇر

تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

**Grammar** **گراماتىكا**

1. ھەر قايسى پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى 2. ئارتىكىل 3. تۈسلۈك پېئىل 4. قىسقارتىلمىلار 5. گراماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

**Demand** **تەلەپ**

**Exercises** **مەشىق**

1. دىئالوگ ئۆچۈن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۆچۈن مەشىق 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۆچۈن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

**Listening Comprehension** **ئاڭلاپ چۈشىنىش**

**Reminds and Adages** **ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت**

**Reading Comprehension** **ئوقۇپ چۈشىنىش**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۆتىنچى دەرس Unit 4

## Dialogue دىئالوگ

### Theme: Thanks and Apologies
### رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراش

رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراش كىشىلەر ئارا ئالاقىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل رەسمىيەت. باشقىلارنىڭ خالىس ياردىمىگە، ياخشىلىقىغا ئېرىشكەندە رەھمەت ئېيتىش، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندا ئەپۇ سوراش كىشىلىك ئەخلاقنىڭ بىر جۈملىسىدىندۇر. دەرسىمىزنىڭ دىئالوگ قىسمىدا رەھمەت ئېيتقاندا ۋە كەچۈرۈم سورىغاندا دېيىلىدىغان تىپىك ئاغزاكى جۈملىلەر تونۇشتۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دىئالوگ ئارقىلىق چەت ئەللىكلەرنىڭ رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراش سەنئىتىنى ئىگىلىۋېلىشىنى سورايمىز.

#### Thanks رەھمەت ئېيتىش

باشقىلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغاندا رەھمەت ئېيتىش

A: Happy birthday! Here is a book for you!

B: Oh, what a good book! Many thanks.

A: I'm very glad you like it.

B: I'll read it every day.

باشقىلارنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىش

A: I appreciate your help.

B: I'm glad I could help.

A: It's very kind of you.

B: Don't mention it. It was the least I could do.

رەھمەت ئېيتقاندا دائىم دېيىلىدىغان جۈملىلەر

A: Thank you.

B: You're welcome.

× × ×

A: Thank you very much for your help!

B: Don't mention it.

× × ×

A: Thanks a lot.

B: It was my pleasure.

× × ×

A: Thank you.

B: That's OK.

### ئەپۇ سوراش

#### كېچىكىپ قالغانلىق ئۈچۈن ئەپۇ سوراش

A: Excuse me for my being late, Mr. Alim.

B: Why are you late, Gulnur?

A: Something wrong with the bus on the way.

B: That's all right. Don't worry about that.

#### باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى بۇزۇپ قويغاندا ئەپۇ سوراش

A: Oh, dear! I'm sorry.

B: Why, Jack?

A: Mum, I've broken your new vase.

B: It doesn't matter, but you must take care of everything.

#### باشقىلارغا تېگىپ كەتكەندە ئەپۇ سوراش

A: I am really sorry!

B: Why?

A: I stepped on your toes.

B: No, never mind about that.

www.uyghurkitap.com

## دىئالوگدىكى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. thank [θæŋk] *n. v.* | رەھمەت، رەھمەت ئېيتماق |
| 2. birthday ['bəːθdei] *n.* | تۇغۇلغان كۈن |
| 3. many ['meni] *adj.* | نۇرغۇن، جىق |
| 4. day [dei] *n.* | كۈن، كۈندۈز، چېسلا |
| 5. appreciate [ə'priːʃeit] *v.* | مىننەتدار بولماق، ھۆزۈرلانماق |
| 6. kind [kaind] *adj.* | ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان |
| 7. help [help] *v. n.* | ياردەم بەرمەك، ياردەم |
| 8. mention ['menʃən] *n. v.* | تىلغا ئالماق |
| 9. welcome ['welkəm] *n. adj.* | قارشى ئالماق، قارشى ئېلىنغان |
| 10. lot [lɔt] *n.* | نۇرغۇن |
| 11. could [kud] *v.* | canنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى |
| 12. excuse [iks'kjuːz] *n. v.* | كەچۈرۈش، باھانە |
| 13. late [leit] *adj.* | كېچىككەن |
| 14. something ['sʌmθiŋ] *pron.* | مەلۇم ئىش، مەلۇم نەرسە |
| 15. wrong [rɔŋ] *adv. adj.* | خاتا، خاتا ھالدا |
| 16. mind [maind] *v. n.* | كۆڭلىگە ئالماق، مېڭە، روھ، خىيال |

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### قاپىيىلىك سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. thank [θæŋk] *v.* | رەھمەت ئېيتماق |
| tank [tæŋk] *n.* | تانكا |
| bank [bæŋk] *n.* | بانكا، قىرغاق |
| 2. many ['meni] *adj.* | نۇرغۇن |
| any ['eni] *adj. pron.* | ھېچبىر، ھېچقانداق |
| 3. day [dei] *n.* | كۈن، چېسلا |
| lay [lei] *v.* | ياتماق |
| say [sei] *v.* | سۆزلىمەك |
| pay [pei] *v.* | تۆلىمەك |

gay [gei] *adj.* خۇشال
may [mei] *adv.* بەلكىم
way [wei] *n.* يول، ئۇسۇل
4. kind [kaind] *adj.* *n.* ئاقكۆڭۈل، تۈر
mind [maind] *v.* *n.* كۆڭلىگە ئالماق، ئوي
bind [baind] *v.* باغلىماق
find [faind] *v.* بايقىماق، تاپماق
hind [haind] *adj.* ئارقا تەرەپتىكى
5. mention ['mənʃən] *adj.* تىلغا ئالماق
attention [ə'tenʃən] *n.* دىققەت، دىققەت - ئېتىبار
6. lot [lɔt] *n.* نۇرغۇن
dot [dɔt] *n.* چېكىت، نۇقتا
pot [pɔt] *n.* چەينەك
not [nɔt] *adv.* ياق، ... ئەمەس
got [gɔt] *v.* (get نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) ئېرىشتى، چۈشەندى، ئەكەلدى
pilot ['pailət] *n.* ئۇچقۇچى، ليۇتچىك
7. could [kud] *v.* (can نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) قىلالايتتى، ...بىلەلەيتتى
should [ʃud] *v.* (shall نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) زۆرۈر
would [wud] *v.* (will نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)... قىلاتتى، ... ئېتەتتى.
8. late [leit] *adj.* كېچىككەن
mate [meit] *n.* ھەمراھ، ... بداش
ate [eit] *v.* يېدى (eatنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
fate [feit] *n.* تەقدىر
gate [geit] *n.* دەرۋازا
date [deit] *n.* چېسلا، ئۇچرىشىش
9. wrong [rɔŋ] *adv.* *adj.* خاتا، خاتا ھالدا
song [sɔŋ] *n.* ناخشا
10. something ['sʌmθiŋ] *pron.* مەلۇم ئىش، مەلۇم نەرسە
nothing ['nʌθiŋ] *n.* ھېچنېمە، يوقلۇق، ھېچئىش

| | |
|---|---|
| anything ['eniθiŋ] *pron.* | ھېچقانداق ئىش، ھېچقانداق نەرسە |
| everything ['evriθiŋ] *pron.* | ھەر قانداق ئىش، ھەرقانداق نەرسە |

### ئورتاق سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. cigarrette (cigaret) [sigə'ret] *n.* | سىگارت |
| 2. institute ['institju:t] *n.* | ئىنستىتۇت، ئىلمىي جەمئىيەت |
| 3. electronics [i'lek'trɔniks] *n.* | ئېلېكترون ئىلمى |
| 4. mathematics [mæθi'mætiks] *n.* | ماتېماتىكا |
| 5. physics ['fiziks] *n.* | فىزىكا |
| 6. geography [dʒi'ɔgrəfi] *n.* | جۇغراپىيە |
| 7. biology [bai'ɔlədʒi] *n.* | بىئولوگىيە |
| 8. grammar ['græmə] *n.* | گىراماتىكا |
| 9. vase [vɑ:z] *n.* | ۋازا |

### تۈر سۆزلەر

(ھەپتە كۈنلىرى، ئاي، يىل)

| | |
|---|---|
| 1. Monday ['mʌndei] *n.* | دۈشەنبە |
| 2. Tuesday ['tju:zdei] *n.* | سەيشەنبە |
| 3. Wednesday ['wenzdei] *n.* | چارشەنبە |
| 4. Thursday ['θə:zdei] *n.* | پەيشەنبە |
| 5. Friday ['fraidei] *n.* | جۈمە |
| 6. Saturday ['sætədei] *n.* | شەنبە |
| 7. Sunday ['sʌndei] *n.* | يەكشەنبە |
| 8. weekend [wi:kənd] *n.* | ھەپتە ئاخىرى |
| 9. week [wi:k] *n.* | ھەپتە |
| 10. month ['mʌnθ] *n.* | ئاي |
| 11. year [yiə] *n.* | يىل |

### پەسىل ناملىرى

| | |
|---|---|
| 1. summer ['sʌmə] *n.* | ياز |
| 2. autumn ['ʌ:təm] *n.* | كۈز (ئەنگلىيىچە) |

| | |
|---|---|
| 3. fall [fɔːl] *v.* | كۈز (ئامېرىكىچە) |
| 4. winter ['wintə] *n.* | قىش |
| 5. spring [spriŋ] *n.* | ئەتىياز |

### قارىمۇ قارشى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. many ↔ few [fjuː] *adj.* | ئاز، ئازراق |
| 2. day ↔ night [nait] *n.* | كېچە |
| 3. kind ↔ unkind [ʌnkaind] *adj.* | قارىكۆڭۈل |
| 4. help ↔ trouble ['trʌbl] *n. v.* | ئاۋارىگەرچىلىك، ئاۋارە قىلماق |
| 5. lot ↔ few [fjuː] *adj.* | ئاز، بىر قانچە |
| 6. wrong ↔ correct [kə'rekt] *adj.* | توغرا |

### ئوقۇلۇشى يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشاش سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. they are [ðei ɑː] | ئۇلار بولسا ... |
| there are [ðɛə ɑː] | ... دە ... بار |
| 2. their [ðɛə] ئۇلارنىڭ<br>there [ðɛə] ...دە...بار | ئوقۇلۇشى ئوخشاش |
| 3. our [auə] | بىزنىڭ |
| over ['ouvə] | ... نىڭ ئۈستىدە |
| hour [auə] | سائەت |
| 4. where [wɛə] | قەيەر |
| were [wəː] | are نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى |
| wear [wɛə] | كەيمەك |
| 5. sun [sʌn] *n.* | قۇياش |
| son [sʌn] *n.* | ئوغۇل |

### سۆزلەر ئۈچۈن ئىزاھات

1. قاپىيىلىك سۆزلەر ئۈچۈن ئاساسەن دېگۈدەك دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر تاللاندى. بىر سۆزگە قاپىيە جەھەتتىن يېقىن بولغان، مەنىسى كۆپ ئۇچرىمايدىغان سۆز تاللانمىدى.

2. ئورتاق سۆزلەر گۇرۇپپىسىدا كۆرسىتىلگەندەك نۇرغۇنلىغان ئىلىم-پەن ناملىرى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ناملىرىنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تەلەپپۇزنى توغرىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئورتاق سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئوقۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

3. something قاتارلىق سۆزلەردىكى thing سۆزى ئەسلىدە «ئىش، مەلۇم نەرسە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «some، any، every، no» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ئېنىقسىز ئالماشلارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئېنىقسىز ئالماشلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى كېيىنكى دەرسلەردە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

4. ھەپتە ناملىرىنى جۈملە ئىچىگە ئەكىرگەندە ئالدىغا «on»، يىل ناملىرىنى ئەكىرگەندە «in» تىركەلمىسى قېتىلىدۇ. «on، in، at» قاتارلىقلارنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرچىدىكى «دا، تا، دە، تە» دىن ئىبارەت ئورۇن-پەيت كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ مەنىسىگە ۋە رولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| in 1981 | 1981-يىل | on Wednesday | چارشەنبىدە |
| at five o'clock | سائەت بەشتە | | |

5. بۇ دەرسنىڭ «سۆز گۈلزارى»دا ئوقۇلۇشى يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر قېتىلدى. ئىنگلىز تىلىنى يېڭى ئۆگەنگەندە ئوقۇلۇشى يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر ئوقۇغۇچىلارنى بەك گاڭگىرىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلەردە ئوقۇغۇچىلار دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ ئېھتىماللىقى كۆزدە تۇتۇلغان ئاساستا «مەنىداش سۆزلەر»، «ھەمجۈي سۆزلەر»، «ئوڭ-تەتۈرسىگە ئوقۇسىمۇ مەنە ھاسىل بولىدىغان سۆزلەر» قاتارلىق ئاكتىپ سۆز يادلاش ئۇسۇللىرى مۇناسىپ تۈردە قېتىلىدۇ.

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

#### It Can't Be Done بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ

The man who misses all the fun
Is he who says "It can't be done."
In solemn pride he stands aloof
And greets each venture with reproof;
Had he the power, he would efface

The civilizations of the human race.
We'd have no steam or trolley cars,
No streets lit by electric stars.
No telegraph or telephone.
We'd linger in the age of stone!
The world would sleep if things were run
By men who say "It can't be done!"

ھەممىگە ھەۋەسى يوقالغان ئادەم،
«بۇ ئىشنى قىلغىلى بولماس» دەر ھەردەم.
مەغرۇرلۇق ئىلكىدە يۈرەر گىدىيىپ،
ھەر يېڭى بىر ئىشقا سوغۇق تىكىلىپ.
گەر ھوقۇق قولىغا چۈشسە نى زامان،
مەدەنىيەت، بارلىقنى قىلىدۇ ۋەيران.
ئۇ چاغدا بىزگە يوق پارۋاي، تىرامۋاي،
كېچىسى يورۇغان كوچىلارغا ۋاي!
تېلېگرام، تېلېفون كەلمەيدۇ ھەتتا،
تاش قورال دەۋرىدە قالىمىز قايتا.
بۇ دۇنيا چۆكىدۇ غەپلەت ئۇيقۇغا،
«بۇ ئىش پۈتمەيدۇ» دېگۈچىلەر قولىدا.

**Text** تېكىست

**An American Driver** ئامېرىكىلىق شوپېر

Mr. Black comes from New York in America. He works in a shop. He is a driver. He drives the workers to the shop. He likes his work very much. He speaks English very well and he can speak a little Chinese and Japanese.

He has two daughters. They are in the same school. They study very hard. The teachers and students all like them. They have a lot of friends.

www.uyghurkitap.com

## New wrods — يېڭى سۆزلەر

1. Mr [mistə] — ئەپەندى
2. shop [ʃɔp] *n.* — دۇكان، ماگىزىن
3. driver ['draivə] *n.* — شوپۇر
4. drive [draiv] *v.* — ھەيدىمەك
5. worker ['wə:kə] *n.* — ئىشچى
6. much [mʌtʃ] *adv. adj.* — كۆپ
7. Chinese [ˌtʃai'ni:z] *n.* — خەنزۇ، خەنزۇ تىلى، جۇڭگولۇق
8. Japanese [ˌdʒæpə'ni:z] *n.* — ياپونلۇق، ياپون تىلى
9. daughter [ˌdɔ:tə] *n.* — قىز، قىز پەرزەنت
10. all [ɔ:l] *adj.* — بارلىق، ھەممە
11. a lot of — كۆپ، نۇرغۇن

## تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

1. بۇ تېكىستتە ئاساسلىقى پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى (drives) ۋە ئەسلى شەكلى (like، speak) بىلەن كەلگەن جۈملە شەكلى تونۇشتۇرۇلدى. ئادەتتە قائىدىگە، ئادەتكە، نورماللىققا ئايلانغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەشتە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنى، جۈملىنىڭ ئىگىسى ئۈچىنچى شەخس بىرلىك بولسا پېئىلدىن كېيىن s قېتىلغان شەكلىنى ئىشلىتىمىز. (بلەك ئەپەندىنىڭ ھەر كۈنى ئىشچىلارنى توشۇشى ئادەتكە ئايلانغان. ئۆز خىزمىتىنى ياخشى كۆرۈشىمۇ قانۇنىيەتكە، نورماللىققا ئايلانغان ئەھۋال)

2. Chinese، Japanese دېگەندەك مىللەت ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ.

3. Mr. ئەپەندى، Mrs. ['mə:s] خانىم، Miss [mis] خانقىز، قىزچاق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

4. ئۇيغۇرچىدا girl بىلەن daughter نىڭ تەرجىمىسى ئوخشاشلا «قىز» دەپ چىقىدۇ. بۇنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، girl ئوغۇل - قىزلارنىڭ جىنس پەرقى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان. daughter بولسا ئاتا - ئانا بىلەن قىز پەرزەنت

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتا ئىپتىلغان. مەسىلەن:

She is a girl. — ئۇ بىر قىز.

She is Tursun's daughter. — ئۇ تۇرسۇننىڭ قىزى.

5. ئالدىنقى دەرستە lot نىڭ «كۆپ، نۇرغۇن» دېگەن مەنىسى بارلىقى كۆرستىلگەن. تولا ھاللاردا بۇ a lot of شەكلىدە ئۇچرايدۇ. «a» بىلەن «of» نىڭ ئارىسىغا ئىسىم ياكى سۇپەت قېتىلسا سان مىقدار ياسىلىدۇ.

a lot of students — نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار

a cup of tea — بىر ئىستاكان چاي

## Grammar گىرامماتىكا

### ھەر قايسى پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى

### (work پېئىلى مىسال قىلىندى).

1. پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى work

① I work every day. (ئادەتكە ئايلانغان ھەرىكەت ئىپادىلەيدىغان بايان جۈملە)

② Do you work? (ئاددىي ھازىر زامانىنىڭ سوئال جۈملىسى)

③ I didn't work. (ئاددىي زامانلارنىڭ ئىنكار جۈملىسى)

④ I want to work.

(مەقسەت ئىپادىلەنگەن، to لىق ئېنىقسىز پېئىل شەكلى بىلەن كەلگەن جۈملە)

⑤ I will work.

(كەلگۈسىدىكى ھەرىكەت ئىپادىلەنگەن تۇسلۇك پېئىللىق جۈملە)

⑥ Work please! (ئاددىي بۇيرۇق جۈملە)

دېمەك، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ:

① ئاددىي ھازىر زاماندا (ئادەتكە، نورماللىققا ئايلانغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەشتە.) — I go to school every day.

② سوئال جۈملە — Do you go to school every day?

③ ئىنكار جۈملىلەردە — I don't go to school on Sundays.

④ رەۋىش to كەلگەن جۈملىدە — I want to go.

⑤ تۇسلۇك پېئىللاردىن كېيىن — I will go.

⑥ بۇيرۇق جۈملىدە — Go away!

2. پېئىلنىڭ S قېتىلغان شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى works

يۇقىرىقى بىرىنچى جۈملە I work every day نى «ئۇ ھەر كۈنى ئىشلەيدۇ» دېگەن مەنىدە ئۆزگەرتسەك He works every day بولىدۇ، يەنى work تىن كېيىن s قېتىلىدۇ. دېمەك جۈملىنىڭ ئىگىسى ئۈچىنچى شەخس بىرلىك بولسا (ئەر - ئاياللارغا ئىشلىتىلىدىغان «ئۇ» ياكى ئادەم ئىسمى بولسا)، ئاددىي ھازىرقى زامان ئىپادىلەنگەن جۈملىلەردە پېئىلدىن كېيىن s قېتىلىدۇ.

ئۇ ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدۇ. She speaks English very well.

قاسىم ئورنىدىن بەك سەھەر تۇرىدۇ. Hasim gets up very early.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى جۈملىلەردە ئىگە ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك بولسا (they بولسا) پېئىلدىن كېيىن s قېتىلمايدۇ.

ئۇلار ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدۇ They speak English very well.

3. پېئىلنىڭ ing قېتىلغان ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى working

① I am working. مەن ئىشلەۋاتىمەن. (داۋاملىشىۋاتقان ھازىرقى زامان)

② I was working. مەن ئىشلەۋاتقانىدىم. (داۋاملاشقان ئۆتكەن زامان)

③ I have been working here for two years.

مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى. (ھازىرغىچە داۋاملىشىپ ئۆتكەن زامان)

④ I will be working here at this time tomorrow.

ئەتە بۇنداق ۋاقىتتا مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتقان بولىمەن. (كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان)

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېئىلنىڭ ing- قېتىلغان ھازىرقى زامان شەكلى بارلىق داۋاملاشقان زامانلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

يەنى:

① داۋاملىشىۋاتقان ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلىدۇ. (① جۈملىگە ئوخشاش)

am / are / is } + پېئىل +ing

② داۋاملاشقان ئۆتكەن زاماندا ئىشلىتىلىدۇ. (② جۈملىگە ئوخشاش)



www.uyghurkitap.com

was / were } + پېئىل + ing

③ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زاماندا ئىشلىتىلىدۇ. (③ جۈملىگە ئوخشاش)

have / has } + been + پېئىل + ing

④ كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زاماندا ئىشلىتىلىدۇ. (④ جۈملىگە ئوخشاش)

will be + پېئىل + ing

4. پېئىلنىڭ «ed» قېتىلغان ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى

worked

① I worked very hard.

مەن بەك تىرىشىپ ئىشلىدىم. (ئاددىي ئۆتكەن زمان)

② I have worked for two hours today.

بۈگۈن ئىككى سائەت ئىشلىدىم. (ھازىر پۈتكەن زامان)

③ I had worked half a year here till last week.

ئالدىنقى ھەپتىگىچە بۇ يەردە يېرىم يىل ئىشلىدىم. (ئۆتكەن پۈتكەن زامان)

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ «-ed» قېتىلغان ئۆتكەن زامان شەكلى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ:

① ئاددىي ئۆتكەن زامان (① جۈملىگە ئوخشاش) پېئىل+ed

② ھازىر پۈتكەن زامان (② جۈملىگە ئوخشاش) have+پېئىل+ed

(he) has

③ ئۆتكەن پۈتكەن زامان (③ جۈملىگە ئوخشاش) had+پېئىل+ed

ئەسكەرتىش: ئىنگلىز تىلىدا يەنە بىر تۈركۈم قائىدىسىز پېئىللارمۇ بار بولۇپ، بۇنداق پېئىللاردا پېئىلدىن كېيىن «ed» قوشۇمچىسىنى قاتقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئايرىم ئۆزگىرىدىغان شەكلى بار.

## ئارتىكىل

ئارتىكىل ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئۈچ جۈملىنى ئوقۇڭلار:

① I want the book you bought.
ماڭا سەن سېتىۋالغان كىتاب كېرەك. (the قايسى كىتابلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ)

② I want a book.
ماڭا بىر كىتاب كېرەك. (a ئېنىق بىر كىتابنى ئەمەس، مەلۇم بىر كىتابنى كۆرسىتىدۇ)

③ I like to read books.
مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. (book نىڭ ئالدىغا ھېچنېمە كەلمەيدۇ)

ئىنگلىز تىلىدىكى ئارتىكل ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان سۆز تۈركۈمى. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى كۆپىنچە ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۇنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت. ھەمىشە ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا «تاجسۆز» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئارتىكل ئېنىق ئارتىكل (بىرىنچى جۈملىدىكى the)، ئېنىقسىز ئارتىكل (ئىككىنچى جۈملىدىكى a ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان an)، نۆل ئارتىكل (ئىسىمنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە كەلمەيدىغىنى) قاتارلىق ئۈچ خىل تۈرى بار. بۇ سۆز تۈركۈمى ئۇيغۇرچىدا بولمىغانلىقى، ئىشلىتىلىش تۈرى ئالاھىدە مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىمىز. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى زۆرۈر.

1. ئېنىق ئارتىكل the نىڭ كېلىدىغان ئورنى

1) يەر شارىدا تەكرارلىنىشى يوق، يېگانە تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ: (ئاي) the moon، (قۇياش) the sun، (يۇلتۇز) the star، (ئاسمان) the sky، (يەر شارى) the earth؛

2) يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن دۆلەت نامىلىرى ئالدىدا كېلىدۇ:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى The United States
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى The People's Republic of China

لېكىن، China، America قاتارلىق ئاددىيلاشتۇرۇلغان دۆلەت نامىلىرى ئالدىدا كەلمەيدۇ.

3) تاغ، دەريا، كۆل، دېڭىز-ئوكيان قاتارلىقلارنىڭ خاس ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

The Tianshan Mountain تەڭرى تېغى

The Yellow River خۇاڭخې دەرياسى

The Pacific Ocean تىنچ ئوكيان

4) سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ:

I am the tallest in our group.

مەن بىزنىڭ گۇرۇپپىدا ئەڭ ئېگىز.

She is the most beautiful girl in our class.

ئۇ بىزنىڭ سىنىپتىكى ئەڭ چىرايلىق قىز.

5) سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۇنى ئىسىملاشتۇرىدۇ:

The old need our help. ياشانغانلار ياردىمىمىزگە مۇھتاج.

The stupid never think of their doings—on.

دۆتلەر قىلىۋاتقان ئىشى توغرۇلۇق ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ.

6) ئادەتتە ئادەم ئىسىملىرى ئالدىدا كەلمەيدۇ. لېكىن، s قېتىلغان ئادەم ئىسىملىرى ئالدىدا كېلىپ بىر جەمەتنىڭ، بىر تۈپنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

That is a big villa belongs to the Alims.

ئۇ ئالىملار ئائىلىسىگە تەۋە چوڭ داچا.

The Tursuns came. تۇرسۇنلار كەلدى.

6) بىر قىسىم مۇقىم ئىبارە، ئىدىئوملاردا كېلىدۇ:

...غا بارىدىغان يولدا on the way، نەق مەيداندا on the spot

مۇمكىن ئەمەس out of the question

7) سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىغا ئېنىق بولغان ئادەم ۋە نەرسىنى تەكىتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ:

The teacher came in. ئوقۇتقۇچى كىردى.

ئېنىقسىز ئارتىكىلنىڭ كېلىش ئورنى

1) ئېنىقسىز ئارتىكىل a بىلەن an نى كۆرسىتىدۇ. a ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ ئالدىدا، an سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

بىر ئوقۇتقۇچى a teacher، بىر ئوقۇغۇچى a student

بىر سەنئەتكار an artist، بىر ئىنگلىزچە كىتاب an English book

2) ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئادەم، نەرسە، شەيئى ئىچىدىكى مەلۇم بىرىنى كۆرسەتكەندە ئۇيغۇرچىدە تەرجىمىسى «بىر» دەپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورنىغا «one» نى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

A (one) new student has come. — بىر يېڭى ئوقۇغۇچى كەلدى.

I bought a (one) new book. — مەن بىر يېڭى كىتاب سېتىۋالدىم.

3) مەلۇم بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە شەيئى ياكى نەرسىنى ياكى بىر قېتىملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە نەرسىنى كۆرسەتكەندە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تەرجىمىسى «بىر» دەپ چىقمايدۇ.

A Dictionary of English - Chinese Phrases

ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە ئىدىئوملار لۇغىتى

An Advanced English Grammar

يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى

## نۆل ئارتىكىلنىڭ كېلىش ئورنى

نۆل ئارتىكىل ئىسىمنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە كەلمەيدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. ياكى بىز بۇنى ئىسىمنىڭ ئالدىدا the بىلەن a (an) كەلمەيدىغان ئەھۋال دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

1) كۆپىنچە ھاللاردا ئابستراكت ئىسىملار (تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان، ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئىسىم) نىڭ ئالدىدا كېلىدۇ:

Love is great. — مۇھەببەت — ئۇلۇغ.

Disappointment is half death. — چۈشكۈنلۈك — يېرىم ئۆلۈم.

لېكىن شۇ ئابستراكت ئىسىمنى تەكىتلەشكە توغرا كەلگەندە ئىسىمنىڭ ئالدىدا the كېلىدۇ:

The friendship between Tursun and Alim.

تۇرسۇن بىلەن ئالىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق.

2) شەھەر ناملىرى، ئاددىيلاشتۇرۇلغان دۆلەت ناملىرى ئالدىدا نۆل

ئارتىكىل كېلىدۇ:

جۇڭگو — چوڭ دۆلەت. China is a big country.

ئۈرۈمچى — گۈزەل شەھەر. Urumqi is a beautiful city.

3) ئىگىلىك ئالماشلارنىڭ ئالدىدا نۆل ئارتىكىل كېلىدۇ:

Our class بىزنىڭ سىنىپ | Your teacher سېنىڭ ئوقۇتقۇچۇڭ

My book مېنىڭ كىتابىم

4) ئادەتتە ئادەم ئىسىملىرى ئالدىدا نۆل ئارتىكىل كېلىدۇ.

جون ياخشى ئوقۇغۇچى. John is a good student.

ئالىم مېنىڭ ئاكام. Alim is my older brother.

5) ئاي، ھەپتە، ۋاقىت نامىلىرىنىڭ ئالدىدا نۆل ئارتىكىل كېلىدۇ.

ئىيۇندا in June، ئاپرېلدا in April

سائەت بەشتە at five o'clock

جۈمە كۈنى On Friday، چارشەنبىدە On Wednesday

6) ئالدىغا سان - مىقدار كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىدا نۆل ئارتىكىل كېلىدۇ.

مېنىڭ ئىككى ئاچام بار. I have two sisters.

قاسىمنىڭ ئىككى قەلىمى بار. Hasim has two pens.

## تۈسلۈك پېئىل

1) ئىنگلىزچىدىكى تۈسلۈك پېئىل سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئەكس ئەتكەن ئىش - ھەرىكىتىگە قارىتا تۈسىنى، پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. ئۇ ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلىدىكى ئىمكان - ئىستەك پېئىللىرى ( 能愿动词 ) نى كۆرسىتىدۇ. جىق ئىشلىتىلىدىغان تۈسلۈك پېئىل:

| تۈسلۈك پېئىل | شۇ تۈسلۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى |
|---|---|
| can ( قىلالايدۇ ) — | Could ( قىلالايتتى ) |

(ماقچىدى) would ← (··· ماقچى) will

shall(ماقچى، بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈكتە چەكلىنىدۇ) should (زۆرۈر)

(مۇمكىن ئىدى) might ← (مۇمكىن) may

(ـمىسابولمايتتى) had to ← (··· ـمىسا بولمايدۇ) have to

must (لازىم) ئۆتكەن زامان شەكلى يوق

ought to (··· ـمىسا زادى بولمايدۇ) ئۆتكەن زامان شەكلى يوق.

2) تۈسلۈك پېئىللاردىن كېيىن پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى كېلىدۇ.

سەن كېلىشىڭ كېرەك. You must come.

تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. We should study hard.

3) تۈسلۈك پېئىللار ئارىلاشقان جۈملىلەرنىڭ سوئال شەكلىنى ياساشتا ئەينى بىر تۈسلۈك پېئىلنى جۈملىنىڭ بېشىغا يۆتكەيمىز. يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ سوئال شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

كېلىشىم كېرەكمۇ؟ Must I come?

تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز زۆرۈرمۇ؟ Should we study hard?

(باشقا تۈسلۈك پېئىللارمۇ مۇشۇ قائىدىگە چۈشىدۇ.)

4) تۈسلۈك پېئىللارنىڭ ئىنكار شەكلىنى ياساشتا not نى شۇ تۈسلۈك پېئىلدىن كېيىن قاتىمىز.

كەلمەسلىكىم زۆرۈر. I should not come.

كەلمەسلىكىم مۇمكىن. I may not come.

كەلمەسلىكىم كېرەك. I must not come.

كەلمەكچى ئەمەسمەن. I will not come.

## قىسقارتىلمىلار

ئىنگلىز تىلىدا will not نى won't، is not نى isn't دەپ قىسقارتىشقىمۇ بولىدۇ. قىسقارتىلغاندا مەنە ئۆزگەرمەيدۇ. قىسقارتىلغان شەكلى كۆپىنچە ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان قىسقارتىلمىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | |
|---|---|
| is not=isn't | do not=don't |
| will not=won't | does not=doesn't |

must not=mustn't

I have=I've

she has=she's

could not=couldn't

I will=I'll

should not=shouldn't

I had(would, should)=I'd

can not=can't

would not=wouldn't

you will=you'll

## گرامماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

1. ھەر قايسى پېئىل شەكىللىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

1) پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى

① Did you study English? (ئاددىي ئۆتكەن زامان سوئال جۈملىسىدە)

② Do you study English?(ئاددىي ھازىر زاماننىڭ سوئال جۈملىسىدە)

③ I didn't study English. (ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ ئىنكار جۈملىسىدە)

④ I don't study English usually.(ئاددىي ھازىر زاماننىڭ ئىنكار جۈملىسىدە)

⑤ He wants to study English. (to دىن كېيىن)

⑥ Study hard, please. (بۇيرۇق جۈملىدە)

⑦ I can study English. (تۈسلۈك پېئىلدىن كېيىن)

2) پېئىلنىڭ s قېتىلغان شەكلى

① He/she studies English every day.

(ئىگە 3- شەخس بولغان، ئاددىي ھازىر زاماندا كەلگەن جۈملىدە)

② Alim speaks English very well.

(ئىگە 3- شەخس بولغان، ئاددىي ھازىر زاماندا كەلگەن جۈملىدە)

3) پېئىلنىڭ ing- قېتىلغان ھازىرقى زامان ئارماق شەكلى

① I am studying English. (داۋاملىشىۋاتقان ھازىر زامان)

② I was studying English at this time yesterday.

(ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان)

③ I have been studying English for two years.

(ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان)

④ I will be studying English in the class at this time tomorrow.

(كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان)

4) پېئىلنىڭ «ed» قېتىلغان ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى

① He studied English very hard.

(ئاددىي ئۆتكەن زاماندا)

② I have studied English for two hours.

(ھازىر پۈتكەن زاماندا)

2. ئارتىكلغا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

① I would like to see the person you mentioned.

سەن تىلغا ئالغان ئادەم بىلەن كۆرۈشكۈم بار.

(قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاچقا، ئېنىق ئارتىكىل the ئىشلىتىلدى)

② I would like to see a good person.

ياخشى بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشكۈم بار.

(ئادەملەر ئىچىدىكى ياخشىدىن بىرى، شۇڭا ئېنىقسىز ئارتىكىل a ئىشلىتىلدى.)

③ I would like to make friends with noble men.

ئالىيجاناب ئادەملەر بىلەن دوست بولغۇم بار. (نۆل ئارتىكىل)

3. تۈسلۈك پېئىل

① I can study English. مەن ئىنگلىزچە ئۆگىنەلەيمەن.

② A clever student will study English easily.

ئەقىللىق ئوقۇغۇچى ئىنگلىزچىنى ئوڭاي ئۆگىنىدۇ.

③ I would study English, if time permitted.

ۋاقىت يار بەرسە، ئىنگلىزچە ئۆگىنەتتىم.

④ I have to study English. ئىنگلىزچە ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ.

⑤ I should study English. ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىم زۆرۈر.

⑥ I must study English. ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىم كېرەك.

⑦ May I have your name? ئىسمىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟

4. قىسقارتىلمىلار

① I won't (will not) come.

② You shouldn't (should not) come.

③ You mustn't (must not) come.

④ You can't (can not) do it.

⑤ I've (I have) come.
⑥ She's (she has) come.
⑦ I'd (should/would) come.
⑧ He didn't (did not) come.
⑨ He doesn't (does not) come.

## Demand تەلەپ

1. رەھمەت ئېيتىش، كەچۈرۈم سوراش كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىبارىلەرنىڭ بىرى. چەت ئەللىكلەرنىڭ رەھمەت ئېيتىش، كەچۈرۈم سوراش ئادىتى بىزنىڭكىدىن شەكىل ۋە رەسمىيەت جەھەتتە خېلىلا پەرقلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

2. تىل ئۆگىنىش ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ئوقۇغۇچىلار تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزىگە ناتونۇش، يېڭى ئۇچرىغان نۇقتىلارغا بەكرەك دىققەت قىلىشى، ۋاقتى - ۋاقتىدا خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىشى لازىم.

3. ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسى ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. ئوقۇغۇچىلار بېرىلگەن جۈملىلەرنى كۆپرەك ئالماشتۇرۇپ مەشىق قىلسا، نەزەرىيە ئۆگەنمەي تۇرۇپمۇ بۇ تىلنىڭ بىر قىسىم قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

4. ئوقۇغۇچىلار گاس - گاچا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ ئاغزاكى جۈملىلەرنى ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۈنلۈك يادلىشى، ئىچىدىلا ئوقۇپ قويۇپ بولدى قىلىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشى لازىم.

## Exercises مەشىق

**1. دىئالوگە ئۈچۈن مەشىق**

1) رەھمەت ئېيتقاندا ۋە كەچۈرۈم سورىغاندا ئېيتىلىدىغان جۈملىدىن 10 نى ئاغزاكى دەپ بېرىڭلار.

2) ئىككى ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراش تېمىسى بويىچە دىئالوگ ئورۇنداڭلار.

3) بىلىم بەرگىنى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىڭلارغا ھەر خىل شەكىلدە رەھمەت

ئېيتىڭلار. شۇ سائەتتە كېچىكىپ قالغان، سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچى ئۆزلۈكىدىن ئەپۇ سورىسۇن.

### 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1) تۆۋەندىكى بىر سۆزنىڭ قاپىيىسىگە ماسلاشتۇرۇپ يېڭى سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭلار ۋە ئۇنى تەرجىمە قىلىڭلار.

① a. thank b. ______ c. ______

② a. day b. ______ c. ______ d. ______ e. ______ f. ______

③ a. kind b. ______ c. ______ d. ______

④ a. lot b. ______ c. ______ d. ______

⑤ a. could b. ______ e. ______ d. ______

⑥ a. late b. ______ c. ______ d. ______

2) ئۆزۈڭلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىغا ئورتاق بولغان قانداق يېڭى سۆزلەرنى بىلىسىلەر. ئويلاپ بېقىڭلار ۋە ئوقۇتقۇچىڭلارغا دەپ جاۋابىنى توغرىلاڭلار.

3) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزىنى تېپىڭلار:

① many ↔ ______ ② night ↔ ______

③ kind ↔ ______ ④ few ↔ ______

⑤ correct ↔ ______

3) تۆۋەندىكى گۇرۇپپىدىكى ئوقۇلۇشى يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشاش سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار:

① a. they are b. there are

② a. their b. there

③ a. our b. over c. hour

④ a. sun b. son

### 3. تېكست ۋە گراممatikا ئۈچۈن مەشىق

1) تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىڭلار.

① Where does Mr. Black come from? Where does he work?

② What languages can he speak?

③ How many children does he have?

2) جۈملە خەۋرىدە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنى ياكى s قېتىلغان شەكلىنى ئىشلىتىپ، تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلىپ بەش جۈملىدىن ئارتۇق بىر قىسقا ئابزاس يېزىپ بېقىڭلار. يازغىنىڭلاردا ئائىلەڭلەرنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە ئەكس ئەتسۇن.

3) تۆۋەندىكى ئارتىكىلغا مۇناسىۋەتلىك (جۈملىلەردىن) توغرا جاۋابنى تاللاڭلار:

① I want — book. ماڭا بىر كىتاب كېرەك.

a. the b. a c. an d. ئالدىدا ھېچنېمە كەلمەيدۇ.

② — Friendship is great. دوستلۇق — ئۇلۇغ.

a. a b. an c. the d. ئالدىدا ھېچنېمە كەلمەيدۇ.

③ I was born in — Urumqi. مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان.

a. ئالدىدا ھېچنېمە كەلمەيدۇ b. the c. an d. a

4) play پېئىلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ can، should، will، could، have to، may، would قاتارلىق تۇسلۇك پېئىللارغا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

5) پېئىلنىڭ ing قېتىلغان ھازىرقى زامان تارماق شەكلى قانداق ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ؟

4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

1) ئوقۇغۇچىلار پۇتبول ئوينىدى.

2) ئوقۇغۇچىلار پۇتبول ئويناۋاتىدۇ.

3) ئوقۇغۇچىلار تۈنۈگۈن مۇشۇ ۋاقىتتا پۇتبول ئويناۋاتقانىدى.

4) ئوقۇغۇچىلار ئۈچ سائەتتىن بېرى پۇتبول ئويناپ يۈرۈۋاتىدۇ.

5) ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىن پۇتبول ئوينايدۇ.

**Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش**

1) A: I am sorry for being late!

B: Why are you late?

www.uyghurkitap.com

A: My mum is ill. I took him to the hospital.

B: What is up to her?

C: She got terrible stomackache.

يۇقىرىقى دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا توغرا جاۋاب: ( )

① A قەستەن كېچىكتى.

② A ئانىسى بىلەن بىللە بىرىپ دوختۇرغا ئۆز كېسىلىنى كۆرسەتتى.

③ A ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

④ A ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن دەپ كېچىكىپ قالدى.

2) A: Thanks for your help.

B: Don't mention it. Please tell me if you need my dictonary.

يۇقىرىقى دىئالوگنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا توغرا جاۋاب: ( )

① دىئالوگدا B نىڭ A غا قانداق ياردەم بەرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

② B كىشى A كىشىگە ئۆزىنىڭ بىر لۇغىتى بارلىقىنى ئېيتتى.

③ A كىشى B كىشىگە لۇغەت ئىشلىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى.

④ B كىشى كىتابخانىدا ئىشلەيدۇ.

## Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

1. تىلنىڭ سۆڭىكى يوق. شۇڭا دەسلەپتە تىلنى بەك قاتتىق ئۆلتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشكە كۆچمەسلىك، ئەكسىچە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىنگلىزچىگە ئائىت ماتېرىياللارنى قوشۇمچە كۆرۈش، ئىنگلىزچە ناخشىلارنى ئاڭلاش، يۇمۇرلارنى كۆرۈش ئارقىلىق زېرىكىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2. ئاڭلاش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىشنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇغۇچىلار ھازىردىن باشلاپ ئاستا ئوقۇلغان لېنتىلارنى ئاز-ئازدىن ئاڭلاپ بېرىشكە ئادەتلەنسە كېيىن ئۈنۈمىنى كۆرىدۇ.

3. ئوقۇغۇچىلارغا ھازىردىن باشلاپ ھەرخىل تۈرلەر بويىچە (سوئال جۈملىلەر تۈرى، ئىنكار جۈملىلەر تۈرى) خاتىرە قالدۇرۇشنى، جۈملە

نۇسخىلىرىنى رەتلىگەندە ئۇنىڭدىن بىر قانۇنىيەت تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## Adage ھېكمەت

> A good beginning is half the battle.
>
> ياخشى باشلىنىش — يېرىم غەلىبە.

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

رەھمەت ئېيتىش ۋە كەچۈرۈم سوراشتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

(1)

① Thank you very much for the book.

② It's a pleasure.

③ My pleasure.

④ Not at all.

⑤ Please don't mention it.

⑥ You are welcome.

(2)

① Please excuse me coming late.

② I'm awfully sorry. I didn't realize.

③ I'm sorry I've lost it.

④ Sorry about that.

⑤ Oh, my fault.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 5 بەشىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Saying Goodbye** خوشلىشىش

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

① Thank you for your …
② Take care!
③ Have a …
④ Good bye!

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر 4. تۈر سۆزلەر 5. ئوڭ-تەتۈر ئوقۇسا ئىككى خىل مەنە چىقىدىغان سۆزلەر 6. سۆزلەر ئۇچۇن ئىزاھات

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

How many? قانچىلىك؟ (ئىنگلىزچە قىسقا شېئىر)

Text تېكىست

A Girl Likes Writing. خەت يېزىشقا ئامراق قىز

تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

**گراماتىكا** **Grammar**

1. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىرى 2. ئىنگلىز تىلىدا يىل، ئاي، كۈن ۋە ۋاقىت ئىپادىلەش 3. ئىنگلىز تىلىدا «it» نىڭ بىر نەچچە خىل ئىشلىتىلىشى

**تەلەپ** **Demand**

**مەشىق** **Exercises**

1. دىئالوگ ئۆچۈن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۈچۈن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

**ئاڭلاپ چۈشىنىش** **Listening Comprehension**

**ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت** **Reminds and Adages**

**ئوقۇپ چۈشىنىش** **Reading Comprehension**

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# بەشىنچى دەرس Unit 5

## Dialogue دىئالوگ

### Saying Good Bye خوشلىشىش

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن يۈز كۆرۈشىمىز ھەم ھەر كۈنى باشقىلار بىلەن ئايرىلىدىغان، خوشلىشىدىغان ئەھۋالغا يولۇقۇپ تۇرىمىز. خوشلىشىش سەنئىتىنى ياخشى ئىگىلەپ تۇرمۇشقا تەدبىقلىغاندا، كىشىلىك ئالاقىنىڭ تېخىمۇ قويۇق بولۇشىغا، دوستلۇقنىڭ بارغانچە چوڭقۇرلىشىشىغا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

#### دوستلار بىلەن ئايرىلغاندا

A: I'd better go now.

B: Must you leave so soon?

A: I'm afraid I have to. It is very late.

B: Thank you for your coming. Give my best regards to your wife and son.

A: Thanks, see you.

#### دوستلارنى ئۇزاتقاندا

A: Thank you for coming to see me off!

B: I hope you have a nice trip.

A: Thanks, I'm sure I will. I'll call you when I get back.

B: Don't forget to say hello to your family.

A: I won't. Take care of yourself.

B: You too. I'll see you in September.

### خوشلاشقاندا

A: Hello, Mr. Alim, I've come to say goodbye.

B: You're leaving so soon? When are you off?

A: Early tomorrow morning.

B: We'll miss you. Hope to see you again someday.

A: I hope so, too. Thank you.

B: You're welcome. Have a good journey, and all the best.

## Word Garden سۆز گۈلزارى

(دىئالوگدىكى سۆزلەر ئاساسىدا كېڭەيتىلدى)

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. better ['betə] *adj.* | ياخشىراق |
| letter ['letə] *n.* | خەت |
| batter ['bætə] *v.* | سوقماق، ئۇرماق |
| 2. must [mʌst] *v.* | كېرەك |
| dust [dʌst] *n. v.* | چاڭ - توزان، سۈرتمەك |
| gust [gʌst] *n.* | قاتتىق بوران |
| lust [lʌst] *n.* | تەشنالىق، فىزىئولوگىيىلىك تەلەپ |
| 3. leave [liːv] *v.* | ئايرىلماق |
| heave [hiːv] *v* | كۆتۈرمەك، ھاسىرىماق |
| eaves [iːvz] *n* | لەمپە |
| give [give] *v.* | بەرمەك |
| 4. afraid [ə'freid] *adj.* | قورقۇنچلۇق بەلكىم |
| raid [reid] *v.* | تاجاۋۇز قىلماق |
| laid [leid] *v.* | (lay نىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى) ياتماق |
| 5. have [hæv] *adj.* | بار |

كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

gave [geiv] v. بەردى (giveنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
6. best [best] adj. ئەڭ ياخشى
test [test] n. كىچىك سىناق
rest [rest] v. دەم ئالماق
lest [lest] n. ئەڭ ئاز
nest [nest] n. ئۇۋا، چاڭگا
7. wife [waif] n. ئايال
life [laif] n. ھايات
knife [naif] n. پىچاق
8. son [sʌn] n. ئوغۇل پەرزەنت
ton [tʌn] n. توننا
non [nɔn] adv. (non white، non-smoker) … قىلمايدىغان (ئىرقى ئاق بولمىغان، تاماكا چەكمەيدىغان)
9. see [si:] v. كۆرمەك
bee [bi:] n. ھەسەل ھەرىسى
knee [ni:] n. تىز، تىز لېپىكى
10. trip [trip] v. سەپەر، سەپەر قىلىش
drip [drip] v. n. تامچە، تامچىلاش
11. sure [ʃuə] adj. adv. ھەقىقەتەن، چوقۇم، ئەلۋەتتە
pure ['pjuə] adj. پاك، ساپ
12. call [kɔ:l] v. چاقىرماق، يوقلىماق
ball [bɔ:l] n. توپ، زىياپەت
fall [fɔ:l] adj. چۈشۈش، تۆۋەنلەش
gall [gɔ:l] n. ئۆت (ئادەم ئەزاسى)
tall [tɔ:l] adv. ئېگىز
wall [wɔ:l] n. تام
13. when [wen] adv. قاچان
hen [hen] n. مېكيان
ten [ten] num. ئون

| | | |
|---|---|---|
| | fen [fen] *n.* | پۆلۈڭ |
| | den [den] *n.* | ئۆڭكۈر، قوتان، كاتەك |
| 14. | care [kɛə] *v.* | كۆڭۈل بۆلمەك |
| | bare [bɛə] *adj.* | يالىڭاچ |
| | fare [fɛə] *n.* | ماشىنا ھەققى |
| | dare [dɛə] *v.* | جۈرئەت قىلماق |
| 15. | back ['bæk] *n. adj. v.* | دۈمبە، كەينى؛ ياتماق |
| | lack [læk] *adj.* | كەمچىل |
| | pack [pæk] *n.* | بولاق، يۆگەم |
| 16. | tomorrow [tə'mɔrou] *adv.* | ئەتە |
| | narrow ['nærou] *adv.* | تار |
| 17. | miss [mis] *v.* | سېغىنماق |
| | Miss [mis] *n.* | خانقىز، قىزچاق |
| | kiss [kis] *v.* | سۆيمەك |

## 2. ئورتاق سۆزلەر

| | | |
|---|---|---|
| 1. | royal ['rɔiəl] *n.* | رويال (خان جەمەتى دېگەن مەنىسىمۇ بېرىدۇ) |
| 2. | logic ['lɔdʒik] *n.* | لوگىكا (مەنتىقە) |
| 3. | academic [ˌækə'demik] *n.* | ئاكادېمىك، ئىلمىي |
| 4. | state [steit] *n.* | شتات |
| 5. | cement [si'ment] *n.* | سېمونت |
| 6. | corridor ['kɔridɔː] *n.* | كارىدور |
| 7. | balcony ['bælkəni] *n.* | بالكون |

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

| | | |
|---|---|---|
| 1. | better ['betə] ↔ worse [wəːs] *adj.* | ناچارراق |
| 2. | best [best] ↔ worst [wəːst] *adj.* | ئەڭ ناچار |
| 3. | wife [waif] ↔ husband ['hʌzbənd] *n.* | ئېرى |
| 4. | son [sʌn] ↔ daughter ['dɔːtə] *n.* | قىز پەرزەنت |

5. narrow ['nærou] ↔ wide [waid] *adj.* كەڭرى
6. back [bæk] ↔ front [frʌnt] ئالدى

## 4. تۈر سۆزلەر
### ئاي نامىلىرى

1. January ['dʒænjuəri] يانۋار
2. February ['februəri] فېۋرال
3. March [mɑːtʃ] مارت
4. April ['eiprəl] ئاپرېل
5. May [mei] ماي
6. June [dʒuːn] ئىيۇن
7. July [dʒu'lɑi] ئىيۇل
8. August ['ɔːgəst] ئاۋغۇست
9. September [səp'tembə] سېنتەبىر
10. October [ɔk'toubə] ئۆكتەبىر
11. November [nou'vembə] نويابىر
12. December [di'sembə] دېكابىر

## 5. ئوڭ-تەتۈرسىگە ئوقۇسا ئىككى خىل مەنە چىقىدىغان سۆزلەر

1. ten → [ten] ئون; net ← [net] تور
2. not → [nɔt] ئەمەس، ياق; ton ← [tɔn] توننا
3. edit → ['edit] تەھرىرلەش; tide ← [taid] دولقۇن
4. live → [liːv] ياشاش; evil ← ['iːvl] زىيانلىق، رەزىل

## 6. سۆزلەر ئۈچۈن ئىزاھات

1. بۇ دەرسنىڭ سۆز گۈلزارىدا سۆپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما، ئاشۇرما دەرىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە سۆز چىقتى. يەنى بۇ دەرستىكى better، worse دېگەن سۆزلەر good، bad دېگەن سۆپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى، lest، best دېگەن سۆزلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا little، good دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قائىدىسىز ئۆزگىرىدىغان سۆپەتلەر (كېيىندىن سېلىشتۇرما دەرىجە ئۈچۈن «more، -er»، ئاشۇرما دەرىجە ئۈچۈن «most، -est» قوشقىلى بولمايدىغان سۆپەتلەر). تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ باقايلى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئەسلى دەرىجە | | سېلىشتۇرما دەرىجە | | ئاشۇرما دەرىجە |
| good | ياخشى | better | ياخشىراق | best | ئەڭ ياخشى |
| bad | ناچار | worse | ناچارراق | worst | ئەڭ ناچار |
| little | ئاز | less | ئازراق | lest | ئەڭ ئاز |

2. بۇ دەرستە ئوڭ - تەتۈرسىگە ئايلاندۇرۇپ ئوقۇسا ئىككى خىل مەنە چىقىدىغان سۆزلەردىن بىر قانچىسى بېرىلدى. بىز ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇشۇنداق قىزىقارلىق بىر ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز ئۆگىنىشىگە قولايلىق تۇغدۇرىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. گەرچە بۇنداق سۆزلەر ئىنگلىز تىلىدىكى دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ئارىسىدىن جىق تېپىلمىسىمۇ، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ياقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلەردە يەنە «ھەجۋىي شەكىلدە سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇلى»، «يىلتىز سۈرۈشتۈرۈپ سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇلى» ۋە «مەنىداش سۆزلەرنى گۇرۇپپىلاپ ئۆگىنىش ئۇسۇلى» قاتارلىق يېڭىچە سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى داۋاملىق تونۇشتۇرىمىز.

3. دەرس ۋاقتىنى بەك ئېلىپ كەتمەسلىكنى كۆزدە تۇتۇپ «سۆز گۈلزارىدىكى سۆزلەر»گە جۈملە تۈزۈپ بەرمىدۇق. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىجادىي يوسۇندا جۈملىلەرنى تۈزۈپ باقسا بولىدۇ. ئۆگەنگەن سۆزگە جۈملە تۈزۈش بىلىملەرنى مەھكەم ئەستە قالدۇرۇشقا پايدىلىق.

## A Little present — كۆڭۈل سوۋغىسى

### How Many — قانچىلىك

How many seconds in a minute? — بىر مىنۇتتا قانچە سېكونت بار؟
sixty and no more in it. — ئاتمىشى بار، ئۇنىدىن جىقى يوق.
How many minutes in an hour? — بىر سائەتتە قانچە مىنۇت بار؟
sixty for sun an flower. — قۇياش، گۈلگە بار دەل ئاتمىشى.

How many hours in a day? — قانچە سائەت باردۇر بىر كۈندە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

Twenty—four for work and play. ئىش-ئويۇنغا، يىگىرمە تۆت سائەت بار.
How many months in a year? قانچە ئاي بار زادى بىر يىلدا؟
Twelve the calendar makes clear. 12 دەپ ئېيتار كالېندار.

## Text تېكىست

### A Girl Likes Writing خەت يېزىشقا ئامراق قىز

Nora is an American school girl. She studies in a middle school. She has a little sister. Her name is Kate. Kate is only four. Nora likes her much.

Today is Sunday. Nora wants to do her homework. She took out her pencil-box and opened it. "Oh, Dear! Where's my pen?" She couldn't find her pen. She went to ask her sister in her bedroom.

"Kate! I can't find my pen. Can you see ··· Oh, What are you doing with my pen?"

"I'm writing to my friend, Betty." Kate answered.

"But how can you? You don't know how to write!"

"It doesn't matter. Betty can't read." Kate said.

## New Words يېڭى سۆزلەر

1. American [ə'merikən] *n.* ئامېرىكىلىق، ئامېرىكان، ئامېرىكىنىڭ
2. middle school ['midl] *adj.* ئوتتۇرا مەكتەپ
3. little ['litl] *adj.* ئاز، ئازراق
4. only ['ɔnli] *adj. adv.* پەقەت، بىردىنبىر، پەقەتلا
5. much [mʌtʃ] *adj. adv.* ناھايىتى، كۆپ
6. homework ['houmwəːk] *n.* تاپشۇرۇق
7. take out (took out) ['teik out] *phr.* ئېلىپ چىقارماق
8. pencil-box ['pensl bɔks] *n.* قېرىنداش سالغۇچ
9. open ['oupen] *v.* ئاچماق
10. dear [diə] *adj.* قەدىرلىك، ئوماق

11. find [faind] *n.* بايقىماق، تاپماق
12. bedroom ['bedrum] *n.* ھۇجرا
13. answer ['æːnsə] *v.* جاۋاب بەرمەك
14. ask [æsk] *v.* سورىماق
15. but [bʌt] *conj.* بىراق

## تېكست ئۇچۇن ئىزاھات

1. تېكستتىكى American دېگەن سۆز بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئامېرىكىلىق دېگەن مەنىنى، ھەم ئامېرىكا تىلى، ئامېرىكىنىڭ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا شۇ مىللەتنىڭ نامى تىل ئىسمىنى تەڭ بىلدۇرىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن:

Chinese ① خەنزۇ تىلى ② خەنزۇ
Japanese ① ياپون تىلى ② ياپون
Russian ① روس تىلى ② روس

middle school ئوتتۇرا مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى تېخىمۇ بۆلۈشكە توغرا كەلگەندە junior school تولۇقسىز ئوتتۇرىنى، high school تولۇق ئوتتۇرىنى بىلدۇرىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەنگلىيىدە primary school، ئامېرىكىدا elementary school دەيدۇ.

3. dear دېگەن سۆز ئەسلى «قەدىرلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىسىمۇ، لېكىن بۇ تېكستتە ئۇ مەنىنى ئەمەس، بەلكى «Oh» بىلەن قوشۇلۇپ «يا پەرۋەردىگارىم!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4. «took out» تىكى «took» دېگەن سۆز take نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى، went بولسا go نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەر ئىككىسى قائىدىسىز پېئىل. (ئۆتكەن زامان مەنىسى ئۇچۇن كەينىدىن «ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولمايدىغان پېئىل)

## Grammar گىرامماتىكا

### ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىرى

1. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار مۇستەقىل مەنە ئاڭلىتىش ـ ئاڭلاتماسلىقىغا ئاساسەن مۇستەقىل پېئىل (notional verb, 实义动词)

ۋە ياردەمچى پېئىل (auxiliary verb، 助动词) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. مۇستەقىل پېئىل جۈملىدە مۇئەييەن بىر لېكسىكىلىق مەنىنى بىلدۈرۈپ جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. ياردەمچى پېئىل مۇستەقىل مەنە بىلدۈرمەستىن بەلكى، سوئال، زامان، ئىنكار مەنىلىرىنى ياساشتا ياردەمچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. «go، come، study» دېگەنلەر مۇستەقىل پېئىللاردۇر. be پېئىلى ياردەمچى پېئىلدۇر. do بىلەن have ھەم مۇستەقىل پېئىل، ھەم ياردەمچى پېئىل بولالايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى بىرىنچى مىسالدا مۇستەقىل مەنىدە، ئىككىنچى مىسالدا ياردەمچى مەنىدە كەلگەن:

1) a. I have a pen. (have «بار» دېگەن مۇستەقىل مەنىنى بىلدۈرگەن)

b. I do my homework. (do «ئىشلەش» دېگەن مۇستەقىل مەنىنى بىلدۈرگەن)

2) a. Have you done your homework?

تاپشۇرۇقىڭىزنى ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟ (have ھازىر پۈتكەن ھەرىكەتنىڭ سوئال جۈملىسىنى ياساشتا ياردەمچىلىك رول ئوينىغان)

b. Do you speak English?

سىز ئىنگلىزچە سۆزلەمسىز؟

(do پېئىلى ئاددىي ھازىر زاماننىڭ سوئال جۈملىسىنى ياساشتا ياردەمچىلىك رول ئوينىغان)

2. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار ئارقىسىدىن تولدۇرغۇچى ئەگىشتۈرۈپ كېلىش - كېلەلمەسلىكىگە ئاساسەن ئۆتۈملۈك پېئىل (及物动词، transtive verb)، ئۆتۈمسىز پېئىل (不及物动词، intranstive verb) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندىكى بىرىنچى مىسالدىكى پېئىللار ئۆتۈملۈك، ئىككىنچى مىسالدىكى پېئىللار ئۆتۈمسىز:

1) ① buy a book ② study English ③ write a letter.

2) ① I sleep. ② He comes. ③ We stand.

3. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار ئۆتكەن زامان مەنىسى ئۇچۇن كەينىدىن «-ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولۇش - بولماسلىقىغا ئاساسەن قائىدىلىك پېئىل (规则动词، regular verb) ۋە قائىدىسىز پېئىل (不规则动词، irregular verb) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. قائىدىلىك پېئىللاردىن كېيىن «-ed» قاتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

↓study ئۆگىنىش ↓play ئويناش ↓stay تۇرۇش

تۈردى stayed    ئوينىدى played    ئۆگەندى studied

قائىدىسىز پېئىللاردىن كېيىن «ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئايرىم ئۆزگەرگەن شەكلى بار. مەسىلەن:

يېزىش write ↓    كېتىش go ↓    كېلىش come ↓

يازدى wrote    كەتتى went    كەلدى came

4. ئىنگلىز تىلىدا يەنە be پېئىلىغا ئوخشاش باغلامچى پېئىللار ۋە ئالدىنقى دەرستە سۆزلەنگەن can ، could غا ئوخشاش تۈسلۈك پېئىللار بار.

ئىنگلىز تىلىدا يىل، ئاي، كۈن ۋە ۋاقىت ئىپادىلەش

1. يىل ئىپادىلەش. ئادەتتە يىل نامىنىڭ ئالدىغا in كېلىدۇ. ئوقۇغان ۋاقىتتا ئىككى سان بىر گورۇپپا قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئوقۇلۇشى | مىسال |
|---|---|
| in nineteen eighty - six | in 1986 |
| in ten fifty - three | in 1053 |
| in two thousand | in 2000 |

2. ئاي ئىپادىلەش. ئاي ناملىرىنىڭ ئالدىغا in كېلىدۇ. ئاي نامىنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ. شۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ھەرپى ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

in April (Apr.)

in March (Mar.)

3. يىل، ئاي، كۈننى تەڭلا ئىپادىلەش. ئۇنىڭ تەرتىپى ئاۋۋال ئاي، ئاندىن كۈن، ئاخىرىدا يىل شەكلىدە بولىدۇ. بەزىدە كۈن نامىنىڭ ئالدىدا on كېلىدۇ. كۈن نامى بولمىسا in قوللىنىلىدۇ. ئاي(كۈن) ۋە يىل ئارىلىقىغا پەش قويۇلىدۇ.

| ئوقۇلۇشى | مىسال |
|---|---|
| on January the sixth | on January 6 |
| on July the first | on July 1 |
| in May, twenty ten | in May, 2010 |

4. پۈتۈن ۋاقىت ئىپادىلەش. سائەت نامىنىڭ ئالدىغا at كېلىدۇ.

o'clock نى قىسقارتىشقا بولىدۇ. چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن توغرا كەلگەندە، ئالدىنقىسى كەينىدىن a.m نى، كەينىدىكىدىن كېيىن p.m نى قېتىشقا بولىدۇ.

at 8:00 (at eight o'clock) at 5 p.m

at 1 a.m (at one a.m) (at five p.m)

5. پارچە ۋاقىت ئىپادىلەشنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار.

① ئوڭ ئوقۇش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئاۋۋال سائەت، ئاندىن مىنۇت ئوقۇلىدۇ.

at 4:30 (at four thirty)

at 12:45 (at twelve forty-five)

② تەتۈر ئوقۇش ئۇسۇلى. فورمۇلىسى «سائەت + past + مىنۇت» شەكلىدە بولىدۇ.

at 6:05 (at five past six)

at 7:18 (at eighteen past seven)

③ يېرىم سائەتكە half نى، 15 مىنۇتقا quarter نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇ سائەتنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى 30 مىنۇت ۋاقىتنى «توشىدىغان سائەت + to + مىنۇت» شەكلىدە ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

at 4:30 (half past four)

at 12:45 (a quarter to one)

## It نىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى

ئىنگلىز تىلىدا «it» نەرسىلەرنى كۆرسىتىدىغان «ئۇ» ( 它 ) نى بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ.

1) ھەپتە كۈنلىرىنى بىلدۈرىدۇ:

It is Monday. بۈگۈن دۈشەنبە.

It was Saturday when I came here.

مەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈن شەنبە ئىدى.

2) ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ:

It is half past seven. سائەت يەتتە يېرىم بولدى.

3) ھاۋا رايىنى بىلدۈرىدۇ:

It is very hot today. بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق.

It was very cold yesterday. تۈنۈگۈن بەك سوغۇق بولدى.

بوۋاقنى، ئىشىك چېكىۋاتقان، تېلېفون ئۇرغان نامەلۇم ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

① It is a baby.

②A: Who is it? B: it is me, John.

it نىڭ يالغان ئىگىلىك جۈملە باشلاپ كەلگەندىكى ئىشلىتىلىشى كېيىنكى دەرسلەردە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## تەلەپ Demand

1. دەرستىن چۈشكەندە بۇ دەرسنىڭ «دىئالوگ» قىسمىدا بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلار بىلەن خوشلىشىڭلار ۋە ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە تىرىشىڭلار. خوشلىشىش سەنئىتىگە دىققەت قىلىڭلار.

2. «سۆز گۈلزارى» دىكى سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۆز گۈلزارىدا بېرىلگەن سۆزلەرگە ئېغىزچە كۆپرەك جۈملە تۈزۈڭلار، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىڭلار ۋە ئۇنى مۇمكىنقەدەر شۇ سائەتتە ئۆزلەشتۈرۈڭلار. بولمىسا «قالغان ئىشقا قار ياغىدۇ.» بولسا ئۆزۈڭلار يېڭىچە ئۈنۈملۈك سۆز ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى بايقاشقا تىرىشىپ، ئويلىغانلىرىڭىزنى ئوقۇتقۇچىڭلار، ساۋاقداشلار بىلەن ئورتاقلىشىڭلار.

3. تېكىستنى يادلىۋېلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز. يادلاش سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

4. گرامماتىكا قىسمىدا بېرىلگەن ۋاقىت ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ھازىر سائەت نەچچە بولغانلىقىنى ۋە بۈگۈن ھازىرغىچە ھەر قايسى ۋاقىتلاردا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭلارنى ئېغىزچە دەپ بېرىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مەشىق Exercises

### 1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1) ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئارقا كۆرۈنۈشنى ئوقۇڭلار:

تۇرسۇن ئامېرىكىدا ئوقۇشى تۈگىگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتماقچى بولدى ۋە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىگە كۆپ ياردەم بەرگەن ئامېرىكىلىق دوستى جونىنىڭ ئۆيىگە خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدى.

ئىككىڭلار بىر بولۇپ يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ «خوشلىشىش» تېمىسىدا دىئالوگ ئورۇنداڭلار. ئىشلەتكەن جۈملەڭلار 10 دىن كەم بولمىسۇن.

2) دوستىمىزنى ئۇزىتىپ چىققاندا، بىز ئۇنىڭغا خوشلىشىش مەنىسىدە نېمىلەرنى دېيىشىمىز مۇمكىن؟

3) «خەير-خوش» دېگەن گەپنى بىر نەچچە خىل دەپ بېقىڭلار.

### 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قاپىيىسىگە ماسلاشتۇرۇپ يېڭى سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭلار ۋە تەرجىمە قىلىڭلار:

① a. best b. ________ c. ________ d. ________

② a. wife ________ b. ________ c. ________

③ a. call ________ b. ________ c. ________ d. ________

④ a. when ________ b. ________ c. ________ d. ________

⑤ a. care ________ b. ________ c. ________ d. ________

⑥ a. back ________ b. ________ c. ________

2) royal ۋە state دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا ئورتاق مەنىسىدىن باشقا يەنە قانداق مەنىسى بارلىقىنى لۇغەتتىن تېپىپ كېلىڭلار.

3) (ئويلىنىش سوئالى) ئاشۇ ئورتاق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا بىۋاسىتە ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەنمۇ؟ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟

4) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزىنى تېپىپ چىقىڭلار:

① back ↔ ② better ↔

③ much ↔ ④ best ↔

⑤ wife ↔ ⑥ narrow ↔

5) ئىنگلىز تىلىدا 5- ئاينى بىلدۈرىدىغان «May» سۆزىدىكى «m» ھەرپى كىچىك يېزىلسا نېمە مەنىنى، خانقىز دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «Miss» سۆزىدىكى «m» ھەرپى كىچىك يېزىلسا نېمە مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

6) 12 ئاينىڭ قىسقارتىلما نامىنى يېزىپ چىقىڭلار.

## 3. تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) ئاۋۋال تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار، ئاندىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىڭلار.

① Who are sisters?

② Where is Kate?

③ Are Betty and Kate are American girls?

④ Who can't find her pen?

2) تېكىستتىن ئەسلى شەكلى ئىشلىتىلگەن پېئىلنى، ئۆتكەن زامان شەكلى ئىشلىتىلگەن پېئىلنى، قائىدىسىز پېئىلنى، ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ئىشلىتىلگەن پېئىلنى تېپىپ چىقىڭلار.

3) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى پېئىلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭلار ۋە بېرىلگەن ئىزاھاتقا ئاساسەن ئاستىغا سىزىق سىزىلغان پېئىلنىڭ قانداق خاراكتېردىكى پېئىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

① I want to drink some water.

(drink دېگەن پېئىل water دېگەن تولدۇرغۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى.)

② Don't go! (go پېئىلىدىن كېيىن تولدۇرغۇچى كەلمىدى.)

③ I have two sisters. (have نىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنىسى بار)

④ I have done my homework.

(haveنىڭ ئايرىم مەنىسى يوق، ھازىر پۈتكەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەشتە ياردەمچى رول ئۆتىدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

⑤ I opened the door. (open دىن كېيىن ed قاتقىلى بولىدۇ)
I took out the pen. (took دىن كېيىن ed قاتقىلى بولمايدۇ)

4) تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار.

① مەن بۇ يەرگە 1998- يىل 4- ئاينىڭ 7- كۈنى كەلگەن.
② بىز ھەر كۈنى سائەت 12 دە چۈشلۈك تاماق يەيمىز.
③ ناۋائى 1441- يىل 2- ئاينىڭ 9- كۈنى تۇغۇلغان. (was born)
④ تۈنۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى.
⑤ بۈگۈن كۈنگە جۈمە.
⑥ سېنى كەچ سائەت 6 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە مۇشۇ يەردە ساقلايمەن.

5) تۆۋەندىكى ۋاقىتنى ئىنگلىزچە ئىپادىلەڭلار.

a. چۈشتىن بۇرۇن 7:45 b. چۈشتىن بۇرۇن 9:12
c. چۈشتىن بۇرۇن 10:48
a. چۈشتىن كېيىن 3:30 b. چۈشتىن كېيىن 4:19
c. چۈشتىن كېيىن 7:23

## Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

1) ئاۋۋال تۆۋەندىكىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئاخىرىدىكى خاتا جاۋابنى تاللاڭلار.

A: I have to go now.
B: Must you leave so soon?
A: I'm afraid I have to.
B: See you later.

A. A كىشى ھازىر ماڭماقچى.
B. B كىشى A كىشىگە «شۇنداق تېز ماڭامسىز؟» دېدى.
C. A كىشى ماڭمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
D. B كىشى A كىشىنى كېيىن كۆرگىلى باردى.

2) ئاۋۋال تۆۋەندىكىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئاخىرىدىكى ئەڭ توغرا بىر جاۋابنى تاللاڭلار:

A: I'd better go. It's getting late.

B: No hurry, can't you stay any longer?

A: I'm afraid I must go.

B: Thanks for your coming. Good night.

A . A كىشىنىڭ ئازراق تۇرغۇسى بار.

B . A كىشى B كىشىنىڭ ئۆيىگە كېچىدە كەلدى.

C . A كىشى ۋاقتىنىڭ بىر يەرگە بارغانلىقىنى، مېڭىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

D . A كىشى B كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى.

**Reminds and Adages** **ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت**

| |
|---|
| Out of sight, out of mind.<br>كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق. |

**Reading Comprehension** **ئوقۇپ چۈشىنىش**

Every Sunday Kate doesn't go to school. She helps her mother do some housework. She is a good daughter.

It is Sunday today. After breakfast, Kate said to her mother "Can I help you, Mum?", "Yes, something is wrong with my bike. Take it to Mr Green's shop and ask him to mend it."

"Ok!" Kate took the bike and went there. Mr Green mended it and gave it to Kate soon. Kate got the bike home. Kate was happy and her mother and father were happy, too.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى www.uyghurkitap.com

# Unit 6 ئالتىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Asking the Way** يول سوراش

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى
① Excuse me, could you tell me the way to …
② Where is …?
③ Excuse me, how can I get …

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تور سۆزلەر

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

Tongue Twisters تىل كۆندۈرۈش ئويۇنلىرى

**Text** تېكىست

A Funny Boy ; قىزىقچى بالا
تېكىست ئۈچۈن ئىزاھات

**Grammar** گىراماتىكا

1. ئىنگلىز تىلىدىكى ئېنىقسىز ئالماش 2. ئىنگلىز تىلىدىكى قائىدىلىك پېئىل ۋە قائىدىسىز پېئىل 3. in، on، at نىڭ ئىشلىتىلىشى

**Demand** تەلەپ

**Exercises** مەشىق

1. دىئالوگ ئۆچۈن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۆچۈن مەشىق 3. تېكست ۋە گراماتىكا ئۆچۈن مەشىق

**Listening Comprehension** ئاڭلاپ چۈشىنىش

**Reminds and Adages** ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

**Reading Comprehension** ئوقۇپ چۈشىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# Unit 6 ئالتىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Asking the Way يول سوراش

چەت ئەللەرگە، سىرتلارغا چىققاندا مۇھىتنىڭ ناتونۇش بولۇشى تۈپەيلىدىن يول سوراشقا توغرا كېلىدۇ. يول سوراش كىشىلەر دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان بىر ئىش. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ يول سوراش ئېھتىماللىقى بار. لېكىن، ھەممىلا ئادەمنىڭ يول سوراشنى بىلىشى ناتايىن.

#### پىيادە ماڭغاندا

A: Excuse me, I am a stranger here. Could you please tell me the way to No. 17 middle school?

B: Go along this road, turn left on the second cross. You'll find it on your right.

A: Thank you, you are so kind.

B: You are welcome.

#### ئاپتوبۇستا

A: Does this bus go to Xinjiang University?

B: You can take this bus and get off at the next stop, then change to Bus No. 101.

A: Thank you very much. By the way, is Xin Hua book store far from here?

B: No, It's not very far. You can walk there.

يۆنىلىش سورىغاندا

A: Excuse me, where is the snack bar?

B: It's down in the basement.

A: Where is the restroom?

B: It is on the floor.

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

1. here [hiə] *adv.* بۇ يەر
   mere [miə] *adv.* پەقەت
   where [wɛə] *adv.* قەيەر
   there [ðæ] *adv.* ئاشۇ يەر
2. please [pliːz] *v.* خۇشال قىلماق، مەرھەمەت (تەكەللۇپ سۆزى)
   lease [liːz] *v.* ئىجارە بەرمەك
   cease [siːs] *v.* توختىماق
3. middle ['midl] *adj.* ئوتتۇرا
   riddle ['ridl] *n.* تېپىشماق
   neddle [nidl] *n.* يىڭنە
4. tell [tel] *v.* ئېيتىپ بەرمەك
   sell [sel] *v.* ساتماق
   bell [bel] *n.* قوڭغۇراق
   fell [fel] *v.* چۈشمەك (fall نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
   hell [hel] *n.* دوزاخ
   cell [sel] *n.* ھۈجەيرە، باتارىيە
5. along [ə'lɔŋ] *adv.* ··· نى بويلىماق
   long [lɔŋ] *adj.* ئۇزۇن
6. road [rəud] *n.* يول
   board [bɔːd] *n.* تاختا
   broad [brɔːd] *adj.* كەڭ

| | |
|---|---|
| 7. turn [ˈtən] *v.* | بۇرۇلماق |
| burn [bˈən] *v.* | كۆيمەك |
| 8. cross [krɔs] *v.* | كېسىپ ئۆتمەك |
| across [əˈkrɔs] *adv.* | …نى كېسىپ ئۆتمەك |
| 9. right [rait] *n. adj.* | ① هوقۇق ② توغرا ③ ئوڭ |
| fight [fait] *n. v.* | ① كۈرەش ② ئۇرۇشماق |
| night [nait] *n.* | كېچە |
| sight [sait] *n.* | كۆرۈش كۈچى |
| light [lait] *n. v. adj.* | ① چىراغ ② ياندۇرۇش ③ يېنىك |
| 10. can [kən] *v. n.* | ① … قىلالايدۇ ② كونسېرۋا قۇتىسى |
| fan [fæn] *n.* | مەستانە |
| man [mæn] *n.* | ئەر، ئادەم |
| pan [pæn] *n.* | ساپلىق قازان |
| an [æn] *num.* | بىر |
| 11. next [nekst] *adj.* | ياندىكى، كېيىنكى |
| text [tekst] *n.* | تېكست |
| 13. stop [ˈstɔp] *v.* | توختاش |
| top [tɔp] *n. adj.* | ① چوققا ② ئەڭ مۇنەۋۋەر |
| pop [pɔp] *adj.* | ئېقىۋاتقان، مودا |
| 13. then [ðen] *adv.* | ئاندىن، كېيىن |
| men [men] *n.* | ① ئەرلەر ② ئادەملەر |
| 14. change [tʃeindʒ] *v.* | ئۆزگەرمەك، ئالماشماق |
| age [eidʒ] *n.* | ياش |
| bandage [ˈbændidʒ] *n.* | داكا |
| 15. very [veri] *adv.* | ناھايىتى |
| every [ˈevri] *pro.* | ھەربىر |
| 16. far [fɑː] *adj.* | يىراق |
| bar [bɑː] *n.* | قاۋاقخانا؛ كالتەك |

www.uyghurkitap.com

## 2. ئورتاق سۆزلەر

1. text — تېكىست
2. professor — پروفېسسور
3. mathematics — ماتېماتىكا
4. electron — ئېلېكترون
5. information — ئىنفورماتسىيە
6. party — پارتىيە
7. president — پرېزىدېنت

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

1. here ↔ there [ðɛə] — ئاۋۇ يەر
2. hell [hel] دوزاخ ↔ heaven [hevn] — جەننەت
3. broad ↔ narrow ['nærəu] — تار
4. right ↔ wrong [rɔŋ] *adj.* — خاتا
5. man ↔ woman ['wumən] *n.* — ئايال
6. far ↔ near [niə] *adj.* — يېقىن

## 4. تۈر سۆزلەر

(كۆپ ئۇچرايدىغان، ئادەمنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر)

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1. beautiful | چىرايلىق | 9. lazy | ھورۇن |
| 2. clever | ئەقىللىق | 10. busy | ئالدىراش |
| 3. stupid | دۆت | 11. earnest | ئەستايىدىل |
| 4. pretty | ئوماق | 12. honest | سەمىمىي |
| 5. handsome | كېلىشكەن | 13. sly | ھىيلىگەر |
| 6. wonderful | قالتىس | 14. foolish | ئەخمەق |
| 7. ugly | كۆرۈمسىز | 15. funny | قىزىقچى |
| 8. hardworking | تىرىشچان | | |

www.uyghurkitap.com

## A Little Present　　كۆڭۈل سوۋغىسى

### Tongue Twisters　　تىل كۆندۈرۈش مەشقلىرى

1. A good cookie could be cooked by a good cook, but couldn't be cooked by a bad cook.

بىر تەملىك پىشۇرۇق ياخشى ئاشپەزنىڭ قولىدىن چىقىدۇ، لېكىن ناچار ئاشپەزنىڭ قولىدىن چىقمايدۇ.

2. You scream, I scream. We all scream for ice-cream.

سەن چىرقىرايسەن، مەن چىرقىرايمەن، بىز ھەممىمىز ماروژنا ئۈچۈن چىرقىرايمىز.

3. Jimmy and Jordan went to Japan and Germany in June and July.

جىممى بىلەن جوردان ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەگە ئىيۇل ۋە ئىيۇندا ئايرىم - ئايرىم باردى.

## Text　　تېكىست

### A Funny Boy　　قىزىقچى بالا

Bob is old enough to go to school. On the first day, his teacher taught him three words, "I, you, he", Then the teacher said, "I am your teacher. You are my student. He is your classmate." When school is over, Bob went home. His mother asked him "What did your teacher teach you today?" Bob said with a smile "listen, Mum and Dad, I am your teacher, You're my student. He is your classmate". His mother said "No, dear, you're wrong. I am your mother. You're my son. He's your father" The next day, Bob's teacher asked Bob to make sentences. Bob stood up and said "I'm your mother. You're my son. He is your father." All the students in Bob's class laughed.

## تېكستتىكى سۆزلەر

1. enough [i'nʌf] *adj.* يېتەرلىك، تولۇق
2. taught [tɔ:t] *v.* ئۆتتى (teach پېئىلىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
3. Mum [mʌm] *n.* ئانا (mother سۆزىنىڭ ئەركىلەپ چاقىرىلىشى)
4. Dad [dæd] *n.* دادا (father سۆزىنىڭ ئەركىلەپ چاقىرىلىشى)
5. smile [smail] *v.* كۈلۈمسىرىمەك
6. sentence ['sentəns] *n.* جۈملە
7. laugh [lʌf] *v* كۈلمەك

## تېكست ئۈچۈن ئىزاھات

1. تېكستتىكى taught ، said ، went ، stood قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا teach ، say ، go ، stand قاتارلىق پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بولۇپ قائىدىسىز پېئىللاردۇر. ئۆتكەن زامان شەكلى ئۈچۈن بۇ پېئىللاردىن كېيىن «ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولمايدۇ.

2. تېكستتىكى «··· Bob is old enough to» دېگەن جۈملە شەكلى بوپ مەكتەپكە بېرىش يېشىغا توشتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. ئىنگلىز تىلىدا كۆچۈرمە جۈملە قوش پەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان پەرقىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## گراممانىكا Grammar

### ئېنىقسىز ئالماش

1. ئادەم، ئىش، نەرسىنى ئېنىق كۆرسەتمەيدىغان ئالماش ئېنىقسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئېنىقسىز ئالماش ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئىشلىتىلىش گورنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

www.uyghurkitap.com

| ئېنىقسىز ئالماش | تەرجىمىسى | جۈملىدىكى رولى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئىگە | تولدۇرغۇچى | كېسىم خەۋەر | ئېنىقلىغۇچى | ئىزاھلىغۇچى |
| all | بارلىق | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ |
| each | ھەر، ھەربىر | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ |
| everyone | ھەر بىرەيلەن | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| everybody | ھەربىر كىشى | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| everything | ھەربىر ئىش | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| many | نۇرغۇن | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| much | كۆپ | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| some | ئازراق | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| someone | مەلۇم بىرەيلەن | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| some body | مەلۇم كىشى | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| something | مەلۇم ئىش | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| any | بىرەر | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| anyone | ھېچكىشى | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| anybody | ھېچكىم | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| anything | ھېچ ئىش | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ | ✗ |
| few, a few | ئازراق | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| little, a little | ئازراق | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| nobody | ھېچكىم | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| nothing | ھېچئىش | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| other | باشقا | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |
| another | باشقىبىر | ✓ | ✓ | ✓ | ✓ | ✗ |

## قائىدىلىك پېئىل ۋە قائىدىسىز پېئىل

ئىنگلىز تىلىدا «قىلدى، ئەتتى» مەنىسىدىكى ئۆتكەن زامان ئۈچۈن زور

كۆپ قىسىم پېئىللارنىڭ كەينىگە «ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولىدۇ. بۇنداق پېئىل قائىدىلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم پېئىللارنىڭ كەينىگە ئۆتكەن زامان ئۈچۈن «ed» قوشۇمچىسى قاتقىلى بولمايدۇ. بۇنداق پېئىل قائىدىسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا زور كۆپ قىسىم پېئىللار قائىدىلىك، ئاز بىر قىسىم پېئىللار قائىدىسىز. لېكىن، تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىدىغان پېئىللار قائىدىسىز. بۇ ئەھۋال ئۆگىنىشىمىزگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆزگىرىش شەكلىنى يادلاش كېرەك.

### قائىدىلىك پېئىللار ئۈچۈن مىسال

| ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى |
|---|---|
| play (ئوينىماق) | played (ئوينىدى) |
| stay (تۇرماق) | stayed (تۇردى) |
| study (ئۆگەنمەك) | studied (ئۆگەندى) |

### قائىدىسىز پېئىللار ئۈچۈن مىسال

| ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى |
|---|---|
| speak (سۆزلىمەك) | spoke (سۆزلىدى) |
| drink (ئىچمەك) | drank (ئىچتى) |
| eat (يېمەك) | ate (يېدى) |
| go (بېرىش) | went (باردى) |
| come (كەلمەك) | came (كەلدى) |

### in، on، at نىڭ ئىشلىتىلىشى

in، on، at نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كۆپىنچە ھاللاردا «دا، تا، دە، تە» بولۇپ چىقىدۇ. in ئادەتتە يىل، پەسىل، ئەسىر نامىلىرىنىڭ ئالدىدا ۋە بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| in winter | قىشتا | in classroom | سىنىپتا |
| in 1981 | 1981- يىلى | in hospital | دوختۇرخانىدا |

| | | | |
|---|---|---|---|
| in 20th century | 20ـ ئەسىردە | in station | بېكەتتە |
| in July | ئىيۇلدا | in my heart | يۈرىكىمدە |

«on» كۆپىنچە ئۈستى-ئاستى تېگىشىپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ، شەيئىلەرنىڭ ئىسمى ئالدىدا كېلىدۇ. يەنە ھەپتەناملىرىنىڭ ئالدىدىمۇ كېلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| on the desk | پارتىدا | on Monday | دۈشەنبە |
| on the wall | تامدا | on Friday | جۈمەدە |
| on the ground | يەردە | | |

at پۈتۈن سائەت ناملىرىنىڭ ئالدىدا ۋە بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| at ten | ـ سائەت ئوندا | at home | ئۆيدە |
| at five o'clock | بەشتە | at office | ئىشخانىدا |

ئادەتتە at office دېگىلىمۇ، in office دېگىلىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئارىسىدا بەك ئىنچىكە پەرق بار (كېيىن سۆزلىنىدۇ) at school، in school دىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشاش.

## Demand تەلەپ

1. يول سورىغاندا ئادەتتە سۆزنىڭ بېشى «excuse me» بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بارىدىغان يەرنى سوراش ياخشى ئەمەس. مەيلى بىرەيلەندىن ياردەم سورايلى ياكى ئۇنى بىر ئىشقا مۇراجىئەت قىلايلى، سۆزىمىزنىڭ بېشىنى مۇشۇ سۆز بىلەن باشلىساق باشقىلارغا تەربىيە كۆرگەندەك تەسىر بېرىمىز. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇنداق ئادەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

2. ئۇيغۇر تىلىدا قائىدىلىك پېئىل، قائىدىسىز پېئىل دېگەن ئۇقۇم يوق. شۇڭا قائىدىسىز پېئىللار تولۇق چۈشىنىلىپ بولغۇچە ئوقۇغۇچىلارغا ئازراق قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارغا ھازىردىن باشلاپ جىق ئۇچرايدىغان قائىدىسىز پېئىللارنى يادلاپ مېڭىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## Exercises مەشىق

### 1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1) بىرەيلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ نەپەن تىياتىرخانىسىغا قانداق بېرىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي بىر كىشىدىن سورىدى. مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا ئىككى ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىغا چىقىپ دىئالوگ ئورۇنداڭلار.

2) دىئالوگدىكى جۈملە شەكىللىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سۆھبەتنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

A. كەچۈرۈڭ، مەن بۇ يەرگە ناتونۇش، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىدىغان يولنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

B. مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ سولغا بۇرۇلۇڭ. ئىككىنچى دوقمۇشتا ئوڭغا بۇرۇلۇڭ.

A. رەھمەت سىزگە.

B. ھېچقىسى يوق.

### 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1) سۆز گۈلزارىدا بېرىلگەن قاپىيىلىك سۆزلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاپىيە جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان سۆزنى تېپىپ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يېزىڭلار:

① a. tell b. __________ c. __________ d. __________

② a. here b. __________ c. __________ d. __________

③ a. right b. __________ c. __________ d. __________

④ a. can b. __________ c. __________ d. __________

⑤ a. middle b. __________ c. __________

⑥ a. please b. __________ c. __________

2) تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچىغا ئورتاق سۆزلەرنى تېپىپ ئىنگلىزچىسىنى يېزىڭلار ۋە تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلىڭلار:

ئالىم، پارتىيە، يۇكسەك، تېكىست، ئىشچى، پروفېسسور،

ئېلېكترون، ئىنفورماتسىيە، ماتېماتىكا

3) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى سۆزىنى تېپىڭلار:

① here ↔ ② hell ↔ ③ narrow ↔

④ wrong ↔ ⑤ near ↔

4) بۇ دەرستە بېرىلگەن تۆر سۆزلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە ئېغىزچە تەرجىمە قىلىڭلار:

① چىرايلىق قىز ② دۆت ئوقۇغۇچى ③ ئەقىللىق بالا ④ ئوماق بوۋاق ⑤ كېلىشكەن يىگىت ⑥ قالتىس فىلىم ⑦ تىرىشچان ئوقۇغۇچى ⑧ ئەستايىدىل مۇئەللىم ⑨ ئالدىراش دادا ⑩ ئەخمەق قىز ⑪ قىزىقچى يىگىت.

## 3. تېكست ۋە گرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) تېكىستتىن قائىدىسىز پېئىللارنى تېپىپ چىقىڭلار ۋە ئەسلى شەكلى بىلەن ئۆتكەن زامان شەكلىنى كۆرسىتىڭلار.

2) تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ئەڭ توغرا بىر جاۋابىنى تاللاڭلار:

① ________ teaches Bob three words.

A. Bob's friend B. Bob's teacher

C. Bob's father D. Bob's mother

② Which sentence is right?

A. Bob's teacher is wrong.

B. Bob's mother is wrong.

C. Bob's classmates are wrong.

D. Bob is wrong.

③ Bob is a ________ boy.

A. tall B. short

C. clever D. foolish

3) گرامماتىكا قىسمىدا ئۆگەنگەن قائىدىلىك پېئىل بىلىملىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قائىدىلىك، قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان شەكلىنى تېپىڭلار ھەمدە قانداق ئەھۋالدا قانداق

پېئىل شەكلى ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىڭلار.

| | |
|---|---|
| ① I spoke English. | I will speak English. |
| ② I played football. | I can play football. |
| ③ I stayed here. | I am going to stay here. |
| ④ I studied English. | I want to study English. |
| ⑤ I came. | I must come. |
| ⑥ I went away. | I will go. |
| ⑦ I ate a piece of cake. | Please eat a piece of cake. |
| ⑧ I wrote a letter. | I didn't write any letter. |
| ⑨ I drank some beer. | I will drink some beer. |
| ⑩ I slept. | I will sleep. |

4) تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا in، on، at تىن ماس كېلىدىغىنىنى تاللاپ قويۇڭلار:

① I will come ________ five o'clock.

② She is studying English ________ the classroom.

③ There is a book ________ the desk.

④ Tursun will come ________ Monday.

⑤ I was born (تۇغۇلۇش) ________ 1981.

⑥ I am ________ my home.

⑦ Is there a map ________ the wall?

5) ئىنىقسىز ئالماش ئىشلىتىلگەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىڭلار ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قىلىپ پەرقىنى سېلىشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| ① a. Nobody came. | b. Anybody didn't come. |
| ② a. I know nothing. | b. I don't know anything. |
| ③ a. I know no one. | b. I don't know anyone. |
| ④ a. Do you have any book? (سوئال جۈملە) | b. I don't have any book. (ئىنكار جۈملە) |
| ⑤ a. I need some water. (تەستىق جۈملە) | b. I have some money. (تەستىق جۈملە) |

⑥ a. A few students came. b. A little water dropped.

(سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ئالدىدا) (سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم ئالدىدا)

⑦ a. I want other books. b. I want another book.

(باشقا كىتابلار) (باشقا بىر كىتاب)

## Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

تۆۋەندىكى دىئالوگقا ئاساسەن ئاخىرىدىكى توغرا بىر جاۋابنى تاللاڭلار.

1) A: Does this bus go to Beijing University?

B: Yes, take this bus, get off at the next stop.

A. بۇ ئاپتوبۇس بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا باردى.

B. بۇ ئاپتوبۇس بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارمايدۇ.

C. بېلەت سانىغۇچى يولۇچىغا ئاخىرقى بېكەتتە چۈشۈپ قېلىشىنى ئېيتتى.

D. بېلەت سانىغۇچى بۇ ئاپتوبۇسنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

2) A: Excuse me, could you tell me where the restrooms are?

B: I'm sorry. I'm a stranger here, too.

A. ھاجەتخانا يېقىنلا يەردە.

B. ھاجەتخانىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇ كىشىمۇ بىلمەيدۇ.

C. بۇ يەردە ساپلا ناتونۇشلار بار.

D. ھاجەتخانىنىڭ نەدىلىكىنى ھەر ئىككىيلەن بىلىدۇ.

## Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

> The only stupid question is unasked question.
>
> پەقەت بىرلا ئەخمىقانە سوئال بار، ئۇ بولسىمۇ سورالمىغان سوئالدۇر.

1. ئوقۇغۇچىلار دەسلەپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەندە، تۆۋەندىكى



www.uyghurkitap.com

كونىرىشىدىن، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىشى كېرەك. دېمەكچى بولغىنىمىز، يېڭى ئۆگەنگەندە ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلىغا ناھايىتى قىزىقىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل قىزغىنلىق سۇسلاپ قالىدۇ. ئۇ ھەر تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق. تۇيغۇنىڭ كونىرىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى. يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلىنى چىرايلىق سۆزلەيدىغانلارغا قاراپ ھەۋەسلىنىدۇ، لېكىن ئۆزى ئۇنداق سۆزلىيەلمىگەندە ياكى تىل ئۆگىنىشنىڭ كۆچ تەلەپ قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا قاتتىق مەيۇسلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا سەۋر قىلىش، ئۆزىگە ئىلھام بېرىش كېرەك.

2. تىل ئۆگىنىپ مەلۇم بىر يەرگە كەلگەندە ئۆگەنگۈچى بارغانسېرى ئۆگەنگەنلىرى ھېچنېمە ئەمەستەك، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ گاڭگىراپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ بىر خىل نورمال ھادىسە. تۆۋەن پەللىدىن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشتە تەبىئىي ھالدا مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇقىمىز. لېكىن بۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، چىدام بىلەن ئۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇش كېرەك.

## ئوقۇپ چۈشىنىش **Reading Comprehension**

### يول سورىغاندا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

① Walk down this road.

② Go along this street.

③ Turn to the left at the second corner.

⑤ On the second cross you'll find it on your left.

⑥ It is on the second floor.

⑦ It is upstairs.

⑧ Where can I take a lift?

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 7 يەتتىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Requesting** ئىلتىماس قىلىش

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى
① Could you …
② Will you …
③ Would you mind … ing
④ Would you please …

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر 4. تور سۆزلەر

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

Four Seasons تۆت پەسىل

**Text** تېكىست

On the Bus ئاپتوبۇستا

**Grammar** گرامماتىكا

1. ئىسىملاردىكى ئىگىلىك كېلىش؛ 2. سان 3. of، to، for نىڭ ئىشلىتىلىشى

Demand تەلەپ

Exercises مەشىق

1. دىئالوگ ئۆچۈن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۆچۈن مەشىق 3. تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۆچۈن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش
Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت
Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 7 يەتتىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Requesting ئىلتىماس قىلىش

تۇرمۇشتا ھېچكىممۇ باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلماي ئۆتەلمەيدۇ. ھەر كىمنىڭ باشقىلاردىن ياردەم سورايدىغان، ئۇلارغا ھاجىتى چۈشىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ. ياردەم سورىغۇچى ياكى ھاجەتمەن بۇنداق ۋاقىتتا سۆزىنىڭ ئورامىغا، ئىنتوناتسىيىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئىلتىماس قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان جۈملىلەر دەل مۇشۇنداق ئېھتىياج يۈزىسىدىن بارلىققا كەلگەن.

#### باشقىلاردىن نەرسە ئېلىشىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە

A: Can you do me a favour?

B: Ok, what can I do for you?

A: Could you get me some shampoo.

B: Certainly. What brand do you want?

A: Any brand.

B: Ok.

#### باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سورىغاندا

A: Could you lend me your umbrella?

B: Yes, of course. Here you are.

A: Many thanks.

B: Not at all.

## ياردەم تەلەپ قىلغاندا

A: Would you please help me?
B: Can I help you in any way?
A: Would you mind giving me a push?
My car has stopped.
B: Certainly.

## سۆز گۈلزارى Word Garden

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. for [fɔː] *prep.* | ... ئۈچۈن |
| nor [nɔː] *conj.* | ... مۇ ئەمەس، ... مۇ ... مۇ ئەمەس |
| 2. some [sʌm] *adj.* *pron.* | ئازراق، بەزى |
| come [kʌm] *v.* | كەلمەك |
| dome [dəum] *n.* | قۇببە، يۇمىلاق ئۆگزىلىك ئۆي |
| 3. brand [brænd] *n.* | ماركا، سودا ماركىسى |
| band [bænd] *n.* | دەرىجە، مۇزىكا ئەترىتى |
| sand [sænd] *d.* | قۇم |
| land [lænd] *n.* | زېمىن، قۇرۇقلۇق |
| and [ænd] *conj* | ۋە، بىلەن |
| 4. want [wɔnt] *v. n.* | ... غا مۇھتاج، ... غا ئېھتىياجلىق |
| ant [ænt] *n.* | چۈمۈلە |
| pant [pænt] *v.* | ھاسىرىماق |
| 5. any ['eni] *adj.* *pron.* | بىرەر، ھەر قانداق |
| many ['meni] *adj.* *pron.* | نۇرغۇن، جىق |
| candy ['kændi] *n.* | قەنت - گېزەك |

### 2. ئورتاق سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. album ['ælbəm] *n.* | ئالبۇم |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 2. America [ə'merikə] *n.* | ئامېرىكا، ئامېرىكا قىتئەسى |
| 3. American [ə'merikən] *n.* | ئامېرىكان، ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى |
| 4. antenna ['æntenə] *n.* | ئانتېنا |
| 5. architecture ['ɑːkitektʃə] *n.* | ئارخېتېكتورلۇق، قۇرۇلۇش ئىلمى |
| 6. agency ['eidʒənsi] *n.* | ئاگېنتلىق، ۋاكالەت ئورنى |
| 7. Asia ['eiʃə] *n.* | ئاسىيا |
| 8. asphalt ['æsfælt] *n.* | ئاسفالت |
| 9. Atlantic [æt'læntik] *n.* | ئاتلانتىك ئوكيان |

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. any ↔ certain ['səːtn] *adj.* | مەلۇم بىر |
| 2. many ↔ few [fjuː] *adj.* | ئاز |
| 3. help (ياردەم قىلماق) ↔ harm [hɑːm] *v.* | زىيان سالماق |
| 4. lend (ئارىيەت بەرمەك) ↔ borrow ['bɔrou] *v.* | ئارىيەت ئالماق |

## 4. تۈر سۆزلەر

### كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە باغلىغۇچىلار

| | |
|---|---|
| 1. with [wið] *prep.* | ... بىلەن، ... بىلەن بىللە |
| 2. without [wiðaut] *v.* | ... بولمىسا |
| 3. to [tuː] *prep.* | ① ... غا، قا، ② ... گىلى، كىلى |
| 4. of [ɔv] *prep.* | ... نىڭ، ... توغرىسىدا |
| 5. among [ə'mʌŋ] *prep.* | ... نىڭ ئارىسىدا (ئىككىدىن ئارتۇق) |
| 6. between [bi'twiːn] *prep.* | ... نىڭ ئارىسىدا (ئىككى ئادەم ئارا) |
| 7. for [fɔː] *prep.* | ① ... ئۈچۈن ② ... دىن بېرى |
| 8. until ['ʌntil] *prep.* | ... غىچە، قىچە ... غانغا قەدەر |
| 9. if [if] *conj.* | ئەگەر |
| 10. because [bi'kɔːz] *conj.* | چۈنكى |

11. from [frɔm] *prep.* ... دىن، تىن
12. since [sins] ... دىن بېرى
13. as [æz] *adv. conj.* ... دەك، ... تەك

## A Little Present ; كۆڭۈل سوۋغىسى

### Four seasons تۆت پەسىل

Spring is gay with flower and song,
Summer is hot and the days are long.
Autumnm is rich with fruit ans grain,
Winter brings snow and the New Year again.

باھار خۇشال گۈل، ناخشا بىلەن،
ياز ئىسسىقتۇر كۈنلىرى ئۇزاق.
كۈزدە ئوزۇق، مېۋە - چېۋە مول،
قىش ئېپ كېلەر قار ۋە يېڭى يىل.

## Text تېكىست

### On the bus ـ ئاپتوبۇستا

Tom is a little boy. He is fourteen. Today his mother is taking him to see his uncle. His uncle's home is very far from theirs. So they are going there by bus. There are only twenty people on the bus. They are all sitting on the bus. Tom is very happy. He is running on the bus. His mother said "Don't run! sit down!" "I missed my uncle very much. I want this bus go faster", Tom said. Then, all the people on the bus began to laugh.

www.uyghurkitap.com

## Grammar گرامماتىكا

### ئىسىملاردىكى ئىگىلىك كېلىش

1. ئىسىملاردىكى ئىگىلىك كېلىش ئىگىلىك مۇناسىۋىتى ياكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ، «s» ياكى «'» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىرلىك ئىسىم، ياسالما ئىسىم، ئادەم ئىسىملىرى ئىچىدە «s» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئارقىسىدىن «s» قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ئىگىلىك كېلىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

① Frank's dream (فرانكنىڭ چۈشى)

② an actress's career (بىر ئايال ئارتىسنىڭ ھاياتى)

③ the editor - in - chief's office (باش مۇھەررىر ئىشخانىسى)

④ his father's office (ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىشخانىسى)

2. «s» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان ئادەم ئىسىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئىگىلىك شەكلى سۆز ئارقىسىدىن«s» قوشۇمچىسىنى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

① Jones's works جونس ئەسەرلىرى

② Yeats's poetry يېتس شېئىرلىرى

③ Mr Jones's House جونس ئەپەندىنىڭ ئۆيى

3. كۆپلۈك شەكلى قائىدىلىك ئۆزگىرىدىغان ۋە قائىدىسىز ئۆزگىرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەكلى «s» نى قېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

① student's reading - room ئوقۇغۇچىلار قىرائەتخانىسى

② teacher's club ئوقۇتقۇچىلار كۇلۇبى

③ women's school ئاياللار مەكتىپى

④ children's books باللار كىتابى

4. مۇقىم ئىبارىلەردىن باشقا ئەھۋاللاردا ئىگىلىك كېلىش كۆپىنچە يەنە «of» ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

① the book's author = the author of the book.

كىتابنىڭ ئاپتورى.

② the Uyghur's history = the history of Uyghur.

ئۇيغۇر تارىخى.

## سان ؛

1. ساناقنى بىلدۈرىدىغان سان ساناق سان دەپ ئاتىلىدۇ. one (بىر) ، two (ئىككى) ، three (ئۈچ) دېگەندەك. سانلارنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سان دەرىجە سان دەپ ئاتىلىدۇ. first (بىرىنچى) ، second (ئىككىنچى) ، third (ئۈچىنچى) دېگەندەك. ساناق ساننى دەرىجە سانغا ئايلاندۇرۇش قائىدىسىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

| ساناق سان | دەرىجە سان ۋە قىسقارتىپ يېزىلىشى | | ساناق سان | دەرىجە سان ۋە قىسقارتىپ يېزىلىشى | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 one | first | 1st | 18 eighteen | 18. eighteenth | 18th |
| 2 two | second | 2nd | 19 nineteen | 19. nineteenth | 19th |
| 3 three | third | 3rd | 20 twenty | 20. twentieth | 20th |
| 4 four | fourth | 4th | 21 twenty-one | 21. twenty-first | 21th |
| 5. five | fifth | 5th | 30 thirty | 30. thirtieth | 30th |
| 6. six | sixth | 6th | 40 forty | 40. fortieth | 40th |
| 7 seven | seventh | 7th | 50 fifty | 50. fiftieth | 50th |
| 8. eight | eighth | 8th | 60 sixty | 60. sixtieth | 60th |
| 9. nine | ninth | 9th | 70 seventy | 70. seventieth | 70th |
| 10 ten | tenth | 10th | 80 eighty | 80. eightieth | 80th |
| 11 eleven | eleventh | 11th | 90 ninety | 90. ninetieth | 90th |
| 12 twelve | twelfth | 12th | 100 one hundred | 100. one hundredth | 100th |
| 13 thirteen | thriteenth | 13th | | 200. two hundredth | 200th |
| 14 fourteen | fourteenth | 14th | 200 two hundred | | |
| 15 fifteen | fifteenth | 15th | | | |
| 16. sixteen | sixteenth | 16th | | | |
| 17 seventeen | seventeenth | 17th | | | |

www.uyghurkitap.com

2. ساناق سان سانلارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئونلار خانىسىدىكى سان بىلەن بىرلەر خانىسىدىكى سۆز ئوتتۇرىسىدا«-» كېلىدۇ. مەسىلەن: fifty - one←51. يۈزلەر خانىسىدىكى سان بىلەن ئونلار خانىسىدىكى سۆز ئوتتۇرىسىدا and كېلىدۇ. مەسىلەن:

two hundred and sixty - five←265

3. دەرىجە سانلار ئاساسلىقى رەت - تەرتىپنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل ئىشلىتىلىدۇ.

4. 21- دىن 29- غىچە، 31- دىن 39- غىچە بولغان شەكىلدىكى دەرىجە سانلاردا ئالدىدىكى پۈتۈن سان ساناق سان شەكلىدە، پارچە سان دەرىجە سان شەكلىدە كېلىدۇ: مەسىلەن، fifty - first←51

5. يۈزلەر خانىسىدىن يۇقىرى دەرىجە سانلارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ:

million→millionth ، thousand→thousandth ، hundred→hundredth

قالغان تۈردىكى سانلار كېيىنكى قىسىم كىتابتا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## of ، to ، for نىڭ ئىشلىتىلىشى

1. of ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

① تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «نىڭ» دەپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

The book of Tursun=Tursun's book.

The history of Uyghur=The Uyghur's history

② «a ··· of» شەكلىدە كېلىپ مىقدار سۆز ياسىلىدۇ. ئادەتتە «a» بىلەن «of» نىڭ ئارىسىغا ئىسىم كېلىدۇ. مەسىلەن:

a cup of beer. — بىر ئىستاكان پىۋا

a group of students — بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچى

a piece of newspaper — بىر پارچە گېزىت

③ ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىگىدە «of» تىن كېيىنكى ھالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

She is of beauty = She is beautiful. ئۇ چىرايلىق.

This is of importance=This is important. بۇ مۇھىم.

2. «to» ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا كېلىپ ئوخشىمىغان، مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

① ئالدى قوشۇلغۇچى (تىركەلمە) ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ئىسىمنىڭ ياكى ئالماشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، ئۇيغۇرچىدىكى تەرجىمىسى «غا، قا، گە، كە» گە ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن:

I gave a book to John. جونغا بىر كىتاب بەردىم.

Please say hello to your father. داداڭغا سالام دەپ قوي.

② رەۋىش ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ ۋە ئۇيغۇرچىدە «غىلى، قىلى»، «قىلىش ئۈچۈن» دېگەندەك مەنىلەردە تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

I came here to see you. مەن بۇ يەرگە سىزنى كۆرگىلى كەلدىم.

I study English to become a good teacher.

مەن ياخشى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمەن.

3. for ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا ئوخشىمىغان مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئىسىمنىڭ، ئالماشنىڭ ئالدىدا كېلىپ «ئۈچۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

Book a ticket for my father.

دادام ئۈچۈن بىر بېلەت زاكاس قىلىپ قويۇڭ.

I did it for you. مەن ئۇنى سەن ئۈچۈن قىلدىم.

② ئىسىمنىڭ، ئالماشنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «ئۈچۈن، غا نىسبەتەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

It is easy for me to study English.

ماڭا نىسبەتەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ئاسان.

## Demand تەلەپ

1. چەت ئەللىكلەردىن بىر نەرسىنى قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە،

گەپنىڭ ئورامىغا، ئىنتوناتسىيىسىگە دىققەت قىلىش كېرەك. تۇيۇقسىزلا ئالدىغا بىرىپ قوپاللىق بىلەن گەپ باشلانسا قارشى تەرەپكە ئەربىيە كۆرمىگەندەك تەسىر بېرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. ھەددىدىن زىيادە تەكەللۇپ قىلىپ كەتسەك، ئۆزىمىزنى سەمىمىيەتسىز، خۇشامەتچىدەك كۆرسىتىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. جۈملىنىڭ بېشىنى مۇمكىنقەدەر قارشى تەرەپنى ئاڭلىق قارىتىدىغان «excuse me» ، «may I ···» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باشلاش كېرەك.

2. «سۆز گۈلزارى» نىڭ «ئورتاق سۆزلەر» قىسمىدا ئۇيغۇرچە بىلەن ئىنگلىز تىلىدا ئوخشاشلا بار بولغان سۆزلەر بېرىلدى. لېكىن، بۇ دېگەنلىك ئىككى سۆزنىڭ تەلەپپۇزى پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. تەلەپپۇزنىڭ توغرا چىقىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئىسىم، ئالماش، پېئىل، سۈپەت، رەۋىش» دېگەنلەرنىڭ ئاتىلىشىنى بىلسىمۇ ئىشلىتىلىشىنى تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا مۇمكىن بولسا ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ بۇلارنىڭ زادى قانداق سۆز تۈركۈمى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. بۇ ئىنگلىز تىلى جۈملە شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى توغرا ئىگىلەشكە، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ماھىيەت جەھەتتىن چوڭقۇرراق تونۇشقا پايدىلىق.

4. مۇشۇ كىتاب بويىچە قارىسىغا ئوقۇش، تەپەككۇر قىلماسلىق ئۆگەنگۈچىلەرگە ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقانداق نەپ بەرمەسلىكى ياكى ئۇلارنى سۆزلىشەلمەيدىغان «گاس-گاچا» قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىز تىلىغا ئەھمىيەت بېرىشىنى، كىتابنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى جانلىق ئۆگىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگەنگۈچىلەر تېكىستنى ۋە دىئالوگنى جانلىق مەشىق قىلىشى، مۇمكىن بولسا چەت ئەللىكلەر بىلەن سۆزلىشىشكە تىرىشىشى ياكى ئىنگلىز تىلى ئەنجۈمەنلىرىگە بېرىپ قورقماي سۆزلىشى، پەقەت بولمىغاندا تامغا، ئۆزىگە سۆزلەپ ئۆگىنىشى كېرەك. مەرھۇم مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمىگەن كىشى قۇل دېمەكتۇر» دېگەن سۆزى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇن.

## مەشىق Exercises

### دىئالوگ ئۆچۈن مەشىق

1. «ماڭا كۈنلۈكىڭىزنى بېرىپ تۇرالامسىز؟» دېگەن جۈملىنى بىر ئوخشىمىغان تۆۋەندىكىدەك دېيەلىشىمىز مۇمكىن:

a. Can you lend me your umbrella?

b. Would you please lend me your umbrella?

c. May I use your umbrella?

d. Would you mind lending me your umbrella?

ئەمدى تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە جۈملىنىڭ ھەر بىرىنى تۇسىنى ئۆزگەرتىپ بىر نەچچە خىل شەكىلدە دەپ بېقىڭلار.

① ئىشىكنى يېپىۋېتەمسىز؟

② ماڭا ئۇن يۈەن بېرىپ تۇرالامسىز؟

③ قەلىمىڭىزنى ئىشلىتىپ تۇرسام بولامدۇ؟

2. «Could I ،Can I ،May I» بىلەن باشلانغان جۈملىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن قانداق پەرقى بار؟

3. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشىدە ئىككى ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ «ئىلتىماس قىلىش، ياردەم سوراش» دېگەن تېمىدا «سودا سارايدا نەرسە سېتىۋېلىش، كىتابنى ۋاقىتلىق ئارىيەت ئېلىش» دېگەن نۇقتىلار بويىچە دىئالوگ ئورۇنداڭلار.

### سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ئاستىغا سىزىلغان قاپىيىلىك سۆزلەرنى تېپىپ، مەنىسىنى دەپ بېرىڭلار.

1) ① I came here for you.
   ② Neither he nor I was there.

2) ① I have some books.
   ② Come on, please.

3) ① What brand do you want?
   ② I didn't pass Band-4 exam.
   ③ He needs some sand.

www.uyghurkitap.com

④ This is our mother land.

4) ① I want to study English.

② I don't pant while walking.

③ I don't like ants.

5) ① Do you have any dictionary?

② Many students are learning English.

③ My sister doesn't like candies.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچىغا ئورتاق بولمىغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭلار:

لۇغەت، ئالبوم، ئامېرىكا، سومكا، ئاسىيا، ئاسفالت، ئاتلانتىك، ئاگېنتلىق، ئانتېنا، ئامېرىكان

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزىنى تېپىڭلار:

① certain ↔

② little ↔

③ harm ↔

④ borrow ↔

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنغا «of، to، for» لاردىن مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تولدۇرۇڭلار:

① I gave an apple ______ my sister.

② I will do everything ______ you.

③ He ate a piece ______ cake.

④ I studied hard ______ become a doctor.

⑤ That is the car ______ my father.

⑥ Is English difficult ______ you?

## تېكىست ۋە گىرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاپ بېرىڭلار:

① Is Tom a little boy? How old is he?

② How did Tom go to his uncle's home?

③ Why does Tom run on the bus?

④ How many people are there on the bus?

2. تېكىستتىكى «be» پېئىلىنىڭ ۋارىيانتى بولغان «is» نى «was» غا، «are» نى «were» غا ئۆزگەرتىڭلار ۋە جۈملىنىڭ مەنىسىدە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3. ئىگىلىك كېلىش ھەققىدە ئۆگەنگەنلىرىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى ئىنگلىزچە دەپ بېقىڭلار:

① قاسىمنىڭ كىتابى ② ئۇيغۇر تامىقى ③ ئابدۇللانىڭ ناخشىسى ④ ساۋاقداشلارنىڭ كىتابى ⑤ ۋەتەننىڭ ئۈمىدى

4. تۆۋەندىكى سانلارنى ئىنگلىزچە ئىپادىلەڭلار:

100, 215, 21-, 2-, 59, 63, 76, 1396, 12-, 3-, 215-

## Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

تۆۋەندىكى دىئالوگنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) A: Could I use your pen?

B: Yes please. you could. But return it me as quick as you can. I will use it in a while.

A. A ئوقۇغۇچى B ئوقۇغۇچىدىن قېرىنداش سورىدى.

B. B ئوقۇغۇچى A ئوقۇغۇچىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

C. B ئوقۇغۇچى قەلەمنى بىر ئازدىن كېيىن ئىشلىتىدۇ.

D. B ئوقۇغۇچى ناھايىتى تېز يۈگۈرەيدۇ.

2) A: Would you mind giving me a push?

My car has stopped.

B: Certainly.

A. A كىشى B كىشىدىن بىر ئىشنى كۆڭۈلگە ئالماسلىقنى سورىدى.

B. B كىشى A كىشىگە خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

C. B كىشى A كىشىنىڭ ماشىنىسىنى ئىتتىرىشىپ بەردى.

D. بۇ جۈملىدە «mind» دېگەن سۆز «ئۆي» دېگەن مەنىدە.

## Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

1. ئىنگلىز تىلىدىكى سانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇرەككەپ ئەمەس. لېكىن، سۆزلىگەندە، ئاڭلىغاندا ئۆزلەشمەسلىك سەۋەبىدىن ئادەمگە يات - يات ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى، يىل ناملىرىنى، چېسلا ناملىرىنى كۆپرەك مەشىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

2. to، of، for، in، on، at دېگەندەك سۆزلەرگە سەل قارىماسلىق كېرەك. بۇنداق سۆزلەرنى خەنزۇ تىلشۇناسلىرى « 小品词 » دەپ ئاتايدۇ. بىز بۇنى ئۇيغۇرچىغا مەنىسىگە ئاساسەن «زاكوسكا سۆز» دەپ تەرجىمە قىلساق مۇۋاپىق بولارمىكىن دەپ ئويلايمىز. سەۋەبى، بۇ سۆزلەر كىچىك بولغىنى بىلەن پۈتۈن جۈملىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

> He who laughs last, laughs best
>
> كىم ئاخىرىدا كۈلسە، قاقاقلاپ كۈلەلەيدۇ.

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

### بىراۋدىن ياردەم سورىغاندا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

① May I trouble you to move it.
② I wonder if you mind my using your car.
③ Yes, of course.
④ By all means.
⑤ Just name it.
⑥ OK (sure).
⑦ I'll do my best, sir!
⑧ With great pleasure.
⑨ Sorry, can't be done.
⑩ Certainly not!
⑪ I'm sorry, I can't.
⑫ No, I can't.

# Unit 8 سەككىزىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Having Dinner** تاماق يېيىش

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

① Would you like to …?
② What do you …?
③ What … would you like?
④ How about …

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تور سۆزلەر

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

Cultivate a White Rose ئاق ئەتىرگۈل تېرىدىم
(ئىنگلىزچە قىسقا شېئىر)

**Text** تېكىست

An Interesting Suggestion قىزىقارلىق تەكلىپ

**Grammar** گراماتىكا

1. ئۇندەش جۈملە 2. پېئىلنىڭ كەينىدىن «ed» قېتىش قائىدىسى

3. پېئىلنىڭ كەينىدىن «ing» قېتىش قائىدىسى 4. مۇناسىۋەت ئالماش

**تەلەپ** **Demand**

تىل ئۆگىنىشتىكى پىسخىكىلىق ساپا

**مەشىق** **Exercises**

1. دىئالوگ ئۇچۇن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۇچۇن مەشىق 3. تېكىست ۋە گراممانىكا ئۇچۇن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

**ئاڭلاپ چۈشىنىش** **Listening Comprehension**
**ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت** **Reminds and Adages**
**ئوقۇپ چۈشىنىش** **Reading Comprehension**

# Unit 8 سەككىزىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Having Dinner تاماق يېيىش

ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر رەسمىي تاماقخانىلارغا، مەخسۇس تۈردىكى زەنجىرسىمان تېز تاماقخانىلارغا، تاللىما تاماقخانىلارغا تاماق يېيىشكە بارىدۇ. بۇنداق يەرلەرگە بېرىپ تاماق يېگەندە يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ رەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە بۇ خىل چايلار ئىجتىمائىي سورۇن دەپ قارىلىدۇ.

#### باشقىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا

A: Would you like to join me for dinner tonight?

B: That would be very nice.

A: I know a good Uyghur restaurant near here.

B: That is terrific. I love Uyghur food.

#### تاماق، قورۇما بۇيرۇتقاندا

A: May I take your order now, sir?

B: What do you recommend? Show us the menu, please.

A: Our restaurant is famous for its local food.

B: I think we'll have roast lamb, please.

A: What would you like to drink?

B: Two beers and a coke.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## باشقىلارنى تاماققا زورلىغاندا

A: Would you like a bit more?

B: I won't have any more.

A: Anything else can I get you?

B: No, don't bother.

## ھېساب ئۈزگەندە

A: Oh, waitress, let me have the bill, please.

B: Here it is , sir.

A: Do you accept checks?

B: No, I'm sorry we don't.

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

1) join [dʒɔin] *v.* ① قاتناشماق، ھەمراھ بولماق ② بىرىكتۈرمەك

coin [kɔin] *n.* تەڭگە، مېتال پۇل

loin [lɔin] *n*(بەل، بەل قىسمى (كۆپىنچە كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ

2) dinner ['dinə] *n.* تاماق، غىزا

inner ['inə] *n. adj.* ① ئىچكى قىسىم ② ئىچىدىكى

pinner ['pinə] *n.* رومال

manner ['mænə] *n.* پوزىتسىيە، ئۇسۇل، يۈرۈش - تۇرۇش

3) tonight [tə'nait] *n.* بۈگۈن كەچ، بۈگۈن كېچە

bright [brait] *adj.* يورۇق

aright [ə'rait] *adv.* توغرا، توپتوغرا

4) order ['ɔːdə] *n. v.* ① تەرتىپ ② بۇيرۇماق، زاكاس قىلماق

recorder [ri'kɔːdə] *n.* ئۈنئالغۇ

5) recommend [ˌrekə'mend] *v.* تەۋسىيە قىلماق

commend [kə'mend] *v.* ماختاش قىلماق

| | |
|---|---|
| mend [mend] *v.* | رېمونت قىلماق، ياماماق |
| command [kə'mɑːnd] *n. v.* | كوماندا، كوماندا بەرمەك |
| 6) menu ['menjuː] *n.* | قورۇما تىزىملىكى |
| avenue ['ævinjuː] *n.* | چوڭ يول، سايىلىك يول |
| 7) love [lʌv] *n. v.* | ① مۇھەببەت ② ياخشى كۆرمەك |
| dove [dʌv] *n.* | كەپتەر (تىنچلىق سىمۋولى) |
| 8) roast [roust] *n. v.* | كاۋاپ، پىشۇرماق، قاقلىماق |
| toast [toust] *n. v.* | ① پىشۇرۇلغان بولكا ② خوشە، قاقلىماق |
| coast [koust] *n.* | دېڭىز ساھىلى |
| boast [boust] *n. v.* | پو، پو ئاتماق |
| 9) lamb [læm] *n.* | قوزا |
| jam [dʒæm] *n. v.* | قىيام، قىستاڭچىلىق |
| dam [dæm] *n.* | دامبا |
| 10) drink [dʒriŋk] *v.* | ئىچىش |
| pink [piŋk] *adj.* | شاپتۇل چېچىكى رەڭ |
| link [liŋk] *v.* | چاتماق، باغلىماق |
| sink [siŋk] *v.* | چۆكمەك |
| ink [iŋk] *n.* | سىياھ |
| 11) beer [biə] *n.* | پىۋا |
| deer [diə] *n.* | بۇغا |
| 12) coke [kouk] *n.* | كوكۇس، كولا ئىچىملىكى |
| woke [wouk] *v.* | ئويغاندى (wakeنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى) |
| poke [pouk] *v.* | تەشمەك، تۆشۈك تەشمەك |
| 13) bit [bit] *adv. adj.* | ئاز، ئازراق |
| fit [fit] *v. adj.* | ① ئورناتماق ② مۇۋاپىق |
| lit [lit] *v.* | ياندۇردى (lightنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) |
| wit [wit] *n.* | دىت، پەم |
| 14) accept [ək'sept] *v.* | قوبۇل قىلماق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

except [ik'sept] *conj.* ... دىن باشقا، ... دىن تاشقىرى
receipt [ri'siːt] *n. v.* ① ئىسپات، تالون ② تاپشۇرۇۋلماق
15) check [tʃek] *v.* تەكشۈرمەك
cheek [tʃiːk] *n.* مەڭىز، يۈز

## 2. ئورتاق سۆزلەر

1. atmosphere ['ætməsfiə] *n.* ئاتموسفېرا، مۇھىت
2. automatic [ˌɔːtə'mætik] *adj.* ئاپتوماتىك
3. automobile [ˌɔtə'moubiːl] *n.* ئاپتوموبىل، ماشىنا
4. balloon [bə'luːn] *n.* بالون، شار
5. bamboo [bæm'buː] *n.* بامبۇك
6. cabin ['kæbin] *n.* كابىنكا، كىچىك ئۆي
7. climate ['klaimit] *n.* كىلىمات
8. calendar ['kælində] *n.* كالېندار
9. camera ['kæmərə] *n.* كامېرا
10. capitalist ['kæpitəlist] *n.* كاپىتالىست، باي

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

1. inner ['inə] *adj.* (ئىچىدىكى) ↔ exterior [eks'tiəriə] *adj.* (سىرتىدىكى)
2. bright [brait] *adj.* (يورۇق) ↔ dark [dɑːk] *adj.* (قاراڭغۇ)
3. bit [bit] *adv. adj.* (ئاز) ↔ much [mʌtʃ] *adv.* كۆپ

## 4. تۈر سۆزلەر

### كۆپ ئۇچرايدىغان پەن نامىلىرى

1. literature ['litəritʃə] *n.* ئەدەبىيات
2. journalism ['dʒəːnəlizəm] *n.* ئاخباراتشۇناسلىق
3. law [lɔː] *n.* قانۇن، قانۇنشۇناسلىق
4. linguistics [liŋ'gwistiks] *n.* تىلشۇناسلىق
5. history ['histəri] *n.* تارىخ

6. geography [dʒi'ɔgrəfi] *n.* جۇغراپىيە
7. sociology [ˌsouʃi'ɔlədʒi] *n.* جەمئىيەتشۇناسلىق، سوتسىئولوگىيە
8. mathematics [ˌmæθi'mætiks] *n.* ماتېماتىكا
9. physics ['fiziks] *n.* فىزىكا، فىزىكا ئىلمى
10. chemistry ['kemistri] *n.* خىمىيە
11. computer ['kəm'pju:tə] *n.* كومپيۇتېر
12. medicine ['medsin] *n.* تىبابەت، مېدىتسىنا
13. electronics [iˌlek'trɔniks] *n.* ئېلېكترون ئىلمى
14. biology [bai'ɔlədʒi] *n.* بىئولوگىيە
15. politics ['pɔlitiks] *n.* سىياسەت

## A Little present كۆڭۈل سوۋغىسى

**Cultivate a White Rose** ئاق ئەتىرگۈل تېرىدىم

Jose Marti (Cuba) جوس مارتى (كۇبا)

I cultivate[1] a white rose, تېرىدىم چىرايلىق بىر ئاق ئەتىرگۈل،
In July and in January. تاللاپ مەن يانۋارنى ۋە ھەم ئىيۇلنى.
For the sincere[2] friend, تېرىدىم سەمىمىي دوستلىرىم ئۈچۈن،
Who gives me his hand frankly.[3] سېخىيلىك ئىلكىدە سۇنغان قولىنى.

And for the cruel[4] person who tears out, تېرىدىم يەنە شەپقەتسىزلەرگىمۇ،
The heart with which I live. شۇ دىلكەش قەلبىنى زېدە قىلىشقان.
I cultivate neither[5] nettle nor thorns,[5] تىكەننى، شوخىنى تېرىمىدىم ھېچ،
I cultivate a white rose. تېرىدىم پەقەت ئاق ئەتىرگۈل يۇمران.

| | |
|---|---|
| ① cultivate /v/ تېرىماق، تەربىيىلىمەك | ② sincere /adj/ سەمىمىي |
| ③ frank /adj/ ئوچۇق - يورۇق | ④ cruel /adj/ شەپقەتسىز |
| ④ neither /conj/ ... مۇ ... مۇ ئەمەس | ⑥ nettle /n/ شوخا |
| | ⑦ thorn /n/ تىكەن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## Text تېكست

### An Interesting Suggestion قىزىقارلىق تەكلىپ

Jimmy is a nice boy. He is only four. He often gets up early. He has some bread and milk for his breakfast after he washes his face. Then he plays balls or rides his small bike in the garden. He likes watching TV, too. But these days he doesn't play balls. He plays his small drum. His father bought him the drum. He likes it very much. Every day he plays it in his room.

It is Sunday morning. Jimmy had his breakfast, then he took out his drum and began to play it.

Then his neighbour came in. She looked at the drum and asked "Jimmy, what a nice box! what is in it? Do you know? Is there anything nice in it?"

"No, I don't know." Jimmy answered.

"Let me help you. Here is a knife. Cut it open! You'll see what's in it."

### تېكستتىكى سۆزلەر

1. interesting ['intristiŋ] *adj.* قىزىقارلىق
2. suggestion [sə'dʒestʃən] *n.* تەكلىپ
3. wash [wɔʃ] *v.* يۇماق
4. bike [baik] *n.* ۋېلسىپىت
5. drum ['drʌm] *n.* دۇمباق
6. neighbour ['neibə] *n.* قوشنا
7. box [bɔks] *n.* ساندۇق
8. knife [naif] *n.* پىچاق
9. cut [kʌt] *v.* كەسمەك

## گرامماتىكا Grammar

### 1. ئۈندەش جۈملە

ھەيرانلىق، سۆيۈنۈش، غەزەپ قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنى بىلدۈرىدىغان جۈملە ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى «what»، «how» باشلاپ كېلىدۇ.

① What a nice box! نېمىدېگەن چىرايلىق ساندۇق ـ ھە! (ئىسىم)

② How beautiful she is! ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە! (سۈپەت)

③ How fast he runs! ئۇ ئەجەپ تېز يۈگۈرىدىكەن ـ ھە! (رەۋىش)

④ What an idea! قاراڭ، بۇ ئىدىيىنى! (سۆز بىرىكمىسى)

### 2. پېئىلنىڭ كەينىدىن «ed» قېتىش قائىدىسى

قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئۈچۈن پېئىلنىڭ كەينىدىن «ed» قوشۇمچىسى قېتىلىدۇ.

مەسىلەن:

| ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى | ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى |
|---|---|---|
| play | played | played |
| stay | stayed | stayed |

ئەمما، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداقمۇ ئەھۋال بار:

| | |
|---|---|
| «e» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارنىڭ كەينىدىن ئادەتتە بىۋاستە «d» قېتىلىدۇ. | live → lived<br>cure → cured |
| «ئۈزۈك تاۋۇش +y» شەكلىدە ئاخىرلاشقان پېئىللاردا (y) نى «ied» غا ئۆزگەرتىمىز. | study → studied<br>cry → cried |
| ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان، سۆز ئاخىرىدا بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش بولغان پېئىللاردا ئەڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشنى بىر قېتىم تەكرارلاپ «d» قاتىمىز. | stop → stopped<br>tap → tapped |

www.uyghurkitap.com

## 3. پېئىلنىڭ كەينىدىن ing قېتىش قائىدىسى

پېئىلنىڭ كەينىدىن «ing» قېتىلغان شەكلى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا پېئىلدىن كېيىن «ing» قوشۇمچىسى قېتىلسا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ھاسىل بولىدۇ. لېكىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداقمۇ بىر ئەھۋال بار:

| | |
|---|---|
| work → working<br>teach → teaching | ئادەتتىكى ئەھۋالدا پېئىلنىڭ كەينىدىن «ing» قوشۇمچىسى بىۋاستە قېتىلىدۇ. |
| live → living<br>move → moving | «e» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردا، پېئىلنىڭ كەينىدىكى «e» چىقىرىۋېتىلىپ «ing» قېتىلىدۇ. |
| set → setting<br>get → getting | ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان، يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان، ئاخىرىدا بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش بولغان پېئىللاردا سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىر قېتىم تەكرار يېزىلىپ «ing» قېتىلىدۇ. |

## 4. مۇناسىۋەت ئالماش

ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان ئالماش مۇناسىۋەت ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلاردىن ئاساسلىقى «each other» ۋە «one another» بار. ئالدىنقىسى ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، كېيىنكىسى ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا each other's ۋە one another's بولىدۇ. مۇناسىۋەت ئالماش جۈملىدە پېئىل ياكى ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئېنىقلىغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

① They are talking to each other / one another.

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

② They all took several photos of one another.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ نەچچە پارچە رەسىمىنى تارتتى.

③ They visited each other's homes.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۆيىنى يوقلاشتى.

## تەلەپ Demand

1. ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسنىڭ دىئالوگ قىسمىدىكى «تاماق يېيىش» دېگەن تېمىغا ئاساسەن چەت ئەللىكلەر بىلەن تاماق يېگەندە دىققەت قىلىدىغان تەرەپلەرگە هازىردىن باشلاپ دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ مەلۇم ۋاقىتتىن باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت قارىشىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. سۆزلەشنىلا بىلىپ تاماقلىنىش سەنئىتىگە، باشقىلارنىڭ ئادىتىگە دىققەت قىلمىغاندا، قارشى تەرەپكە تەربىيە كۆرمىگەندەك تەسىر بېرىپ قويۇش مۇمكىن.

2. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئارقىسىدىن هەرخىل قوشۇمچە قېتىش قائىدىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭكىدىن كۆپ ئاسان. بۇنىڭدا بىر قىسىم ئالاهىدىلىكلەرنى ئىگىلىۋالسىلا ئۆزلەشتۈرۈش تەسكە توختىمايدۇ. ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پېئىللارنىڭ كەينىدىن قوشۇمچە قاتقاندىكى ماهىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

3. بەزىلەر ئىنگلىزچىنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئۆگىنىپلا سۆزلىيەلەيدىغان بولىدۇ، بەزىلەر نەچچە يىل ئۆگىنىپمۇ تۈزۈك مەقسىتىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سۆزلۈك، تىل بىلىملىرىدىن باشقا، پسىخىكىلىق ياخشى ساپا بولۇش، ئۆزىگە ئىشىنىش قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئېنىق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر سىز نۇرغۇن سۆز ۋە گرامماتىكىغا دائىر بىلىم بىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە سۆزلىيەلمىسىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبىنى روهىي دۇنيايىڭىزدىكى يېتەرسىزلىكلەردىن ئىزدەڭ.

4. تىلنى ئاڭلاپ سۆزلىمەسلىك، ئوقۇپ يازماسلىق ئۇسۇلى بىلەنلا ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار قولىقىغا نائۇشنىكنى تىقىۋېلىپ ئىنگلىزچە ئاڭلايدۇ ياكى قېتىرقىنىپ ئوقۇيدۇ. لېكىن، يا ئېغىز ئېچىپ سۆزلىيەلمەيدۇ يا يازالمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، تىل ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىدە «كىرىش»لا بولۇپ، «چىقىش» نىڭ بولمىغانلىقىدا.

5. تىل ئۆگىنىش باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. تىل ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى قوللىنىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن هەرخىل

www.uyghurkitap.com

ژانىردىكى ئىنگلىزچە كىتاب ۋە ماقالىلەرنى كەڭ دائىرىدە ئوقۇپ بېرىش ھەمدە ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ۋاقىتتا باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنىمۇ تەڭ ئۆگىنىش كېرەك.

## Exercises مەشىق

### دىئالوگ ئۇچۇن مەشىق

1. ئىنگلىز تىلىنى بىر مەزگىل ئۆگەنگەن ئەركىن سام ئىسىملىك بىر ئىنگلىز بىلەن تونۇشتى ۋە بىر كۈنى ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. چۈشتە ئۇلار ئۇرۇمچىدىكى بىر تېز تاماقخانىغا باردى. ئوقۇغۇچىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا بىرىڭلار سام، بىرىڭلار ئەركىن بولۇپ «تاماق يېيىش» دېگەن تېما بويىچە يۇقىرىقى دىئالوگنى ئورۇنداڭلار.

2. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى تاماق يېگەندە دېيىلىدىغان سۆزلەر ئارىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟ تاماق يېيىش ۋە تاماق تاللاش ئادىتىچۇ؟ سىنىپتا مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار.

### سۆزلۈك ئۇچۇن مەشىق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاپىيداش سۆز تېپىپ، مەنىسىنى دەپ بېرىڭلار:

1) a. join __________ b. __________ c. __________
2) a. dinner __________ b. __________ c. __________
3) a. order __________ b. __________
4) a. recommend __________ b. __________ c. __________
5) a. roast __________ b. __________ c. __________ d. __________
6) a. lamb __________ b. __________ c. __________
7) a. bit __________ b. __________ c. __________ d. __________
8) a. drink __________ b. __________ c. __________ d. __________

2. تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىچىدىن ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچىغا ئورتاق سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭلار ھەمدە تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلىڭلار:

ئەمەلىيەت، ئاپتوموبىل، ئوقۇغۇچى، كالبىندار، ئاپتوماتىك، بامبۇك،

بالون، كامېرا، كاپىتالىست، ئاتموسفېرا.

3. تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار ۋە قارىمۇ قارشى سۆزىنى تېپىپ چىقىڭلار:

ئىچىدىكى يورۇق ئاز

4. «My major is …» دېگەن جۈملە شەكلى ئاساسىدا تۆر سۆزلەر قىسمىدا بېرىلگەن پەن ناملىرىنى ئىشلىتىپ، ئىككى ئوقۇغۇچى ئۆزئارا دىئالوگ قىلىڭلار. تۆۋەندىكى ئۈلگىدىن پايدىلىنىڭلار:

ئۈلگە: A. What is your major? A. ئوقۇيدىغان كەسپىڭىز نېمە؟

B. My major is computer. B. مېنىڭ كەسپىم كومپيۇتېر.

## تېكىست ۋە گراماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ بېقىڭلار:

1) Is Jimmy a nice boy? How old is he?
2) What does he have for his breakfast?
3) When Jimmy was playing drum what did his neighbour say?
4) What did Jimmy answer?

2. تېكىستتىن پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلگەن ئالتە پېئىلنى، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئىشلىتىلگەن ئالتە پېئىلنى، ئەسلى شەكلى ئىشلىتىلگەن تۆت پېئىلنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئورۇندا ئىشلىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

3. تېكىستتىن ئالدىغا ئېنىق ئارتىكىل «the» ئىشلىتىلگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا سىزىڭلار ۋە قانداق سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

4. گراماتىكا قىسمىدا ئۆگەنگەن پېئىلنىڭ كەينىدىن «ed، ing» قېتىش قائىدىسى ھەققىدە ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ئارقىسىدىن ئايرىم - ئايرىم بۇ قوشۇمچىلارنى قېتىڭلار (يېزىقتا ئىپادە قىلىڭلار، ھەممە پېئىلدىن كېيىن مۇشۇ قوشۇمچىلار چوقۇم قېتىلامدۇ؟) ۋە ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| ئەسلى شەكلى | ھازىرقى زامان ئارماق شەكلى (ing قېتىلىدىغىنى) | ئۆتكەن زامان ئارماق شەكلى (ed قېتىلىدىغىنى) |
|---|---|---|
| stop | | |
| plan | | |
| pass | | |
| study | | |
| cry | | |
| play | | |
| work | | |

## ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

گرامماتىكا قىسمىدا ئۆگەنگەن ئۈندەش جۈملە ۋە مۇناسىۋەت ئالماش ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1) ئۇ نېمىدېگەن دۆت ئوقۇغۇچى - ھە!
2) نېمىدېگەن ئاقكۆڭۈل بالا - ھە، سىز!
3) سىز نېمىدېگەن چىرايلىق!
4) ئالىم نېمىدېگەن ئەقىللىق!
5) ۋەتىنىمىز نەقەدەر گۈزەل!
6) ئۇ ئەجەپ تېز يۈگۈرەيدىكىنا!
7) ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. (each other)
8) بۇ ئۈچ دوست ھەمىشە بىر - بىرىنىڭكىگە بارىدۇ. (one another)!

## ئاڭلاپ چۈشىنىش Listening Comprehension

تۆۋەندىكى دىئالوگنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدىكى جاۋابلاردىن توغرا بىرىنى تاللاڭلار:

1. Man: What would you like?

Woman: I think I'll have roast lainb.

A. بۇلار ئۆز ئۆيىدە پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

B. بۇلار بىر غەربچە تېز تاماقخانىدا تاماقلىنىۋاتىدۇ.

C. ئەر ئايالدىن قانداق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سورىدى.

D. ئەر ئايالدىن قانداق تاماق يېگۈسى؛ بارلىقىنى سورىدى.

2. Woman: May I take your order now, sir?

Man: Show me the menu, please.

A. ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت.

B. ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خوجايىنلىق، كۈتكۈچىلىك مۇناسىۋەت.

C. ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خېرىدارلىق، كۈتكۈچىلىك مۇناسىۋەت.

D. ئايال ئەرگە: «ماڭا قىلىدىغان بۇيرۇقىڭىز بارمۇ؟» دېدى.

## Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

1. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە ھەر قانداق ئىلىمدىكىگە ئوخشاشلا بەك ئاسان ماڭىدىغان يول يوق. بىز پەقەت ئىلمىيرەك ئۇسۇل، مېتودىنىلا تونۇشتۇرالايمىز. يەنىلا ئەجىر سىڭدۈرمەي، مېھنەت قىلماي بولمايدۇ.

2. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە ئاساسنى ياخشى سېلىش بەك مۇھىم. تاۋۇش، تەلەپپۇز بىلىملىرىدىن باشلاپ ئەستايىدىل ئۆگىنىش، كۆپ تەقلىد قىلىش كېرەك.

3. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈندۇر. كۆپ ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر ئامال قىلىپ ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللاردىن ئۆزى قىزىققان ئاددىي مەزمۇنلارنى ئىنگلىزچە دەپ بېقىش، ئىنگلىزچە كۈندىلىك خاتىرە يېزىش قاتارلىقلار بار. مۇشۇ خىل ئادەتنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ بەرگەندە ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئىنگلىزچىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرالايمىز ھەم مەقسىتىمىزنى بارغانچە توغرا ئىپادىلىيەلەيدىغان بولىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## Adages ھېكمەت

1. Zero in your target, and go for it.
ھەممىنى نۆلدىن باشلاڭ، باتۇرلارچە ئىلگىرىلەڭ.
2. You are unique. Nothing can replace you.
سىز دۇنيادا پەقەت بىرلا. ھېچنېمە سىزنىڭ ئورنىڭىزنى باسالمايدۇ.
3. Just do it! قەتئىي قىلىپ ئىشلەڭ!

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

### تاماق يېگەندە ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

1. Anything else?
2. What food do you prefer? (خالاش)
3. How about dessert? (تاتلىق - تۈرۈم)
4. Could I see the menu, please?
5. What is special (ئالاھىدە) tonight?
6. Eat a little, please.
7. Try some of this, please.
8. I'm quite (بەك) full.
9. Let's go Dutch (ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى تۆلەش).
10. I can't eat any more.
11. Can I have the bill, please.

ئاھ، ئىرادەم! ھەممە ھاجەتلىرىمنى ئۆزگەرتىڭ، ماڭا ئۇلۇغ بىر غالىبىيەتنى ساقلاپ قوي.

— فرېدرىخ نىچشى (گېرمانىيە)

# Unit 9 توققۇزىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Talking about the Weather**
**ھاۋا توغرىلىق پاراڭلىشىش**

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك ① What's the weather like …?
جۈملە شەكىللىرى ② How is the weather …?
③ What is the temperature …?
④ It is(cold, hot, cool) …

### Word Garden ـ سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تور سۆزلەر

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

**Text** تېكىست

A Lazy Boy ھورۇن بالا

**Grammar** گىراماتىكا

1. تۈسلۈك پېئىللار ۋە يېرىم تۈسلۈك پېئىللار (must بىلەن have got to/have to، would بىلەن ought to/should، will بىلەن be going to نىڭ پەرقى) 2. ئىنكار جۈملە 3. قايتۇرما سوراق جۈملە

Demand تەلەپ

يېزىقچىلىق مەشقىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىش

Exercises مەشىق

1. دىئالوگ ئۇچۇن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۇچۇن مەشىق 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۇچۇن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

**Listening Comprehension** ئاڭلاپ چۈشىنىش

**Reminds and Adages** ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

لۇغەتتىن پايدىلىنىش ۋە لۇغەت تاللاش ھەققىدە

**Reading Comprehension** ئوقۇپ چۈشىنىش

ھاۋا توغرىلىق سۆزلەشكەندە ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 9 توققۇزىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Talking about the Weather
### هاۋا توغرىلىق پاراڭلىشىش

ئەنگلىيىلىكلەر، ئامېرىكىلىقلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا هاۋارايى توغرىلىق پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ نورمال تېما هاۋارايى توغرىلىق سۆزلىشىش بولسا كېرەك. هاۋا توغرىلىق سۆزلىشىشنىڭ پايدىلىق يېرى شۇ يەردىكى، ئۇ ئارىدىكى كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپ، سورۇندىكى قاتماللىقنى تۈگىتىدۇ؛ سىياسىي، دىن قاتارلىق سەزگۈر تېمىلارغا چېتىلمايدۇ.

#### هاۋارايىنى سورىغاندا

A: What is the weather like outside today?

B: Well, it is very cold.

A: Is it always as cold as this in winter here?

B: It's cold. but the temperature is seldom 15 degrees below zero centigrade.

#### شۇ يەرنىڭ هاۋا رايىنى سورىغادا

A: How are the summers here?

B: Hot and humid.

A: How hot is it?

B: The average temperature in summer is about 35 degrees

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

centigrade.

## ھاۋانىڭ ياخشىلىقى توغۇرلۇق پاراڭلاشقاندا

A: It's a fine day, isn't it?
B: Yes, it is. It's wonderful after the rain.
A: And it's calm. I like the peace.
B: Let's hope it stays nice for the whole week.

## ھاۋانىڭ ناچارلىقى توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: Look! It's raining again.
B: So heavy! It rains cats and-dogs.
A: It's been raining on and off all morning.
B: It'll still last for four days at least.

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

1) weather ['weðə] *n.* — ھاۋا، ھاۋارايى (تەلەپپۇزى ئوخشاش)
wether ['weðə] *conj.* — ... لامدۇ ... مامدۇ
2) out side ['aut'said] *n.* *adv.* — تېشىدا، سىرت
inside ['insaid] — ئىچىدە، ئىچى
seaside ['si:'said] *n.* — دېڭىز بويى، دېڭىز ياقىسى
side [said] *n.* — تەرەپ، يان
side by side phr. — يانمۇ يان
3) cold [kəuld] *adj.* — سوغۇق
bold [bəuld] *adj.* — باتۇر
sold [səuld] *v.* — ساتتى (sell نىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان شەكلى)
told [təuld] *v.* — ئېيتتى(tell نىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى، ئۆتكەن زامان شەكلى)

| | |
|---|---|
| 4) temperature ['tempritʃə] *n.* | تېمپېراتۇرا |
| nature ['neitʃə] *n.* | تەبىئەت |
| mature ['mə'tjuə] *adj.* | پىشقان، يېتىلگەن |
| 5) winter [wintə] *n.* | قىش |
| printer [printə] *n.* | پرىنتېر، خەت بېسىش ماشىنىسى |
| enter [entə] *v.* | كىرمەك |
| 6) seldom ['seldəm] *adv.* | ئاز، كەمدىن - كەم |
| freedom ['fi:dəm] *n.* | ئەركىنلىك |
| kingdom ['Kiŋdəm] *n.* | پادىشاھلىق |
| wisdom ['wizdəm] *n.* | ئەقىل - پاراسەت |
| 7) degree [di'gri:] *n.* | دەرىجە، ئۇنۋان، گرادۇس |
| agree [ə'gri:] *v.* | قوشۇلماق، ماقۇل بولماق |
| 8) below [bi'lou] *prep.* | ... نىڭ تۆۋىنىدە |
| elbow ['elbou] *n.* | جەينەك |
| 9) zero ['ziərou] *num.* | نۆل |
| hero ['hiərou] *n.* | قەھرىمان |
| 10) average ['ævəridʒ] *n. adj.* | ئوتتۇرىچە، ئوتتۇرھال |
| beverage ['bevəridʒ] *n.* | ئىچىملىك |
| cage [keidʒ] *n.* | قەپەس |
| page [peidʒ] *n.* | بەت |
| 11) after [ɑ:ftə] *prep. conj.* | ... دىن كېيىن |
| laughter ['lɑ:ftə] *n.* | كۈلكە |
| 12) rain [rein] *n.* | يامغۇر |
| gain [gein] *n.* | ئېرىشمەك |
| main [mein] *n.* | ئاساسلىق |
| 13) whole [houl] *adj.* | بارلىق، ھەممە (تەلەپپۇزى ئوخشاش) |
| hole [houl] *n.* | غار، تۆشۈك |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. ئورتاق سۆزلەر

1) astronomy [əs'trɔnəmi] *n.* ئاسترونومىيە
2) Africa ['æfrikə] *n.* ئافرىقا
3) alphabet ['ælfəbit] *n.* ئالفابىت، ئېلىپبە
4) bachelor ['bætʃələ] *n.* ① باكلاۋر ② بويتاق
5) banker ['bæŋkə] *n.* بانكىر
6) basketball ['bɑːskitbɔːl] *n.* ۋاسكېتبول
7) biography [bai'ɔgrəfi] *n.* بىئوگرافىيە، تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەسەر

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

1) cold (سوغۇق) ↔ hot [hɔt] *adj.* ئىسسىق
2) bold (باتۇر) ↔ coward ['kɔwəd] *n. adj.* قورقۇنچاق
3) winter (قىش) ↔ summer ['sʌmə] *n.* ياز
4) agree (قوشۇلماق) ↔ disagree [ˌdisə'griː] *v.* قوشۇلماسلىق
5) below (…نىڭ تۆۋىنىدە) ↔ above [ə'bʌv] *prep.* …نىڭ ئۈستىدە

## 4. تۈر سۆزلەر
(كىيىم ـ كېچەككە دائىر سۆزلەر)

1) hat [hæt] *n.* باش كىيىم
2) shoes [ʃuːz] *n.* ئاياغ
3) shirt [ʃəːt] *n.* ئەرلەرنىڭ كۆڭلىكى
3) skirt [skəːt] *n.* يوپكا
5) dress [dʒres] *n.* كۆڭلەك
6) clothes ['klouðz] *n.* كىيىم
7) coat [kout] *n.* چاپان، پەلتو
8) jacket ['dʒækit] *n.* قىسقا چاپان
9) trousers ['trauzəz] *n.* ئىشتان
10) stocking ['stɔkiŋ] *n.* ئۇزۇن پايپاق

11) socks [sɔk] *n.* كالتە پايپاق

12) wear [wɛə] *n.* كىيىمەك

13) put on [put ʌn] *v.* كىيىمەك

14) take off [teik ɔf] *v.* سالماق

## A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

### An Awkward Situation ئوڭايسىز ئەھۋال

(humour) (يۇمۇر)

A woman was singing. One of the guests turned to a man by his side and criticized the singer.

"What a terrible voice!" he said. "Do you know who she is?"

"Yes," was the answer "She is my wife."

"Oh, I beg your pardon," the man said. "Of course her voice isn't bad. but the song is very bad. I wondered (بىلگۈسى بار) who wrote that bad song?"

"I did". was the answer.

بىر ئايال ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. مېھمانلارنىڭ بىرى يېنىدىكى بىر ئەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ ناخشىچىنى تەنقىدلەشكە باشلىدى:

ـ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ـ ھە! ـ دېدى ئۇ، ـ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

ـ ھەئە، ـ دېدى ھېلىقى ئەر جاۋابەن، ـ ئۇ مېنىڭ ئايالىم.

ـ ئاپلا، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، ـ دېدى ئەر، ـ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاۋازى ناچارمۇ ئەمەسكەن. لېكىن ناخشا تېكىستى ناچاركەن. ھەيرانمەن، بۇنداق ناچار ناخشا تېكىستىنى كىم يازغاندۇ؟

ـ مەن يازغان، ـ دېدى ھېلىقى ئەر جاۋابەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## Text تېكىست

### Lazy Boy ھورۇن بالا

Two friends are having a picnic (دالا تاماقى) together (بىرلىكتە). Their names are Jim and Tim. Tim is very lazy (ھورۇن). On the first (بىرىنچى) evening of their holiday (دەم ئېلىش كۈنى), Jim says to Tim, "Go and buy some meat."

"I'm too tired (ھارماق)," answers (جاۋاب بەرمەك) Tim. "You go."

So Jim goes to buy the meat.

Later he comes back. He says to Tim, "Now here's the meat. Please cook it."

But Tim answers, "No. I'm not good at cooking. You do it." So Jim cooks the meat.

Then he says to Tim. "Go and get some water."

"No, I don't want to get my clothes dirty (مەينەت)". Tim answers.

At last Jim says, "The meal (تاماق) is ready (تەييار). Come and eat it."

"Yes, I'll do that." answers Tim, "I don't like saying 'No' all the time."

## Grammar گراماتىكا

### 1. تۈسلۈك پېئىللار ۋە يېرىم تۈسلۈك پېئىللار

تۈسلۈك پېئىل سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش - ھەرىكەت ھەققىدە قارىشى، پوزىتسىيىسى، ئېھتىياج، مۇمكىنچىلىك، ئارزۇ، گۇمان قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللاردۇر. تۈسلۈك پېئىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) شەكىل جەھەتتە، تۈسلۈك پېئىللار مۇستەقىل پېئىللارغا ئوخشاش

ھەرخىل ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەتلا could ، would ، had to ، might قاتارلىق بىر قانچىلا ئۆتكەن زامان شەكلى بار. must ، ought to قاتارلىق تۇسلۇك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن ھازىرقى زامان شەكلى ئوخشايدۇ.

2) مەنە جەھەتتە، كۆپ ساندىكى تۇسلۇك پېئىللارنىڭ كۆپ خىل مەنىسى بار. مەسىلەن، can نىڭ «قىلالايدۇ»، «بەلكىم» قاتارلىق مەنىلىرى بار. may نىڭ مۇمكىنچىلىكنى، ئىجازەتنى، مەقسەتنى، يول قويۇشنى ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى بار.

3) ئىشلىتىش ئۇسۇلى جەھەتتە تۇسلۇك پېئىللارنىڭ كەينىدىن پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى كېلىدۇ. ئىنكار جۈملىدە تۇسلۇك پېئىللاردىن كېيىن not قېتىلىدۇ. سوئال جۈملىدە شۇ تۇسلۇك پېئىل جۈملىنىڭ بېشىغا يۆتكىلىدۇ.

I can study English. (تەستىق جۈملە)

I can not study English. (ئىنكار جۈملە)

Can I study English? (سوئال جۈملە)

بو بېلىك قاتارلىق خەنزۇ تىلشۇناسلار be going to نى يېرىم تۇسلۇك پېئىل دەپ قارايدۇ. سەۋەبى، بۇنىڭدا سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرىكەتكە قارىتا پىلان ھەم تەييارلىق تۇسىنىڭ بولغانلىقىدا. بۇنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى: سوئال جۈملىدە be پېئىل جۈملە بېشىغا يۆتكىلىدۇ؛ ئىنكار جۈملىدە be پېئىلدىن كېيىن not قېتىلىدۇ.

I am going to sleep. مەن ئۇخلىماقچى.

Are you going to sleep? ئۇخلىماقچىمۇسىز؟

I am not going to sleep. ئۇخلىماقچى ئەمەسمەن.

4) must بىلەن have to ۋە have got to نىڭ پەرقى

ھەر ئىككىسى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ، «كېرەك»، «... مىسا بولمايدۇ» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. must ئادەتتە سۇبيېكتىپ ئارزۇنى بىلدۈرىدۇ. have to ئادەتتە ئوبيېكتىپ تەلەپنى، رېئاللىق تەرىپىدىن مەجبۇرلانغان ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

① I must study English. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىم كېرەك.

② I have to study English. ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ.

must بىلەن have to ئىنكار جۈملىدە ئىشلىتىلگەندە مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. «must not» نىڭ مەنىسى «بولمايدۇ»، «...لىشقا چەكلىنىدۇ» بولۇپ، «do not have» نىڭ مەنىسى «... نىڭ ھاجىتى يوق» بولۇپ چىقىدۇ.

① You must not do it. ئۇنى قىلساڭ بولمايدۇ.

② You do not have to do it. ئۇنى قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

have to نىڭ مەنىسى have got to بىلەن ئوخشايدۇ.

5) would بىلەن ought to/should نىڭ پەرقى

would نوقۇل ھالدا ئاددىي ئۆتكەن كەلگۈسى زامانني ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى يەنە بايان جۈملىدە ۋە سوئال جۈملىدە ئىشلىتىلىپ، سىپايىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر، ئىلتىماس، ئارزۇنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

① I would like to see him again. ئۇنى قايتا كۆرگۈم بار.

② I would like him to come. ئۇنى كەلسىكەن دەيمەن.

should مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەت، قىياس ياكى مۇمكىنچىلىك مەنىلىرىنى ئىپادىلەپلا قالماي، يەنە بىرىنچى شەخستە ئىشلىتىلىپ، كەمتەرلىكنى، سىپايىلىكنى بىلدۈرىدۇ. «كېرەك، لازىم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە ought to ئىپادىلىگەن تۈس should تا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەسىلەن:

① You should come here. بۇ يەرگە كېلىشىڭ زۆرۈر.

② You ought to come here. بۇ يەرگە جەزمەن كەل.

6) will بىلەن be going to نىڭ پەرقى

will ئادەتتە تۇسلۇك پېئىل دەپ قارىلىدۇ، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى، پىلانلىغان ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ. be going to ئادەتتە يېرىم تۇسلۇك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. will گە قارىغاندا پىلان مەنىسىدىن باشقا تەييارلىق مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن:

① I will sleep. ئۇخلىماقچىمەن.

② I am going to sleep. ئۇخلاي دەۋاتىمەن.

## 2. ئىنكار جۈملە

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىنكار جۈملىنىڭ ياسىلىشىدا مۇنداق بىر نەچچە خىل ئەھۋال بار:

1) تەركىبىدە be پېئىلى بولغان باپان جۈملىلەرنىڭ ئىنكار شەكلى be پېئىلىدىن كېيىن not نى قىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بايان جۈملە — ئىنكار جۈملە

① I am happy. (be پېئىل ئالدىدا سۈپەت) I am not happy.

② I am speaking. (be پېئىل ئالدىدا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان ئارماق شەكلى) I am not a speaking.

② Window was broken. (be پېئىل ئالدىدا پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئارماق شەكلى) Window was not broken.

2) ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىنكارىنى didn't بىلەن، ئاددىي ھازىر زامانىنىڭ ئىنكارىنى don't، doesn't بىلەن، ئاددىي كەلگۈسى زامانىنىڭ ئىنكارىنى won't بىلەن ئىپادىلەيمىز. مەسىلەن:

بايان جۈملە — ئىنكار جۈملە

① I studied English. (ئاددىي ئۆتكەن زامان) I did not study English.

② I study English everyday. (ئاددىي ھازىر زامان). I don't study English every day.

③ I will study English. (ئاددىي كەلگۈسى زامان) I won't study English.

3) پۈتكەن ئىش-ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدىغان ھازىر پۈتكەن زامان ئىشلىتىلگەن جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلىنى haven't (ئۈچىنچى شەخستە hasn't) بىلەن، ئۆتكەندە پۈتكەن زامان ئىشلىتىلگەن جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلىنى hadn't بىلەن ئىپادىلەيمىز. مەسىلەن:

① I have done my homework. I haven't done my homework.

تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولدۇم. — تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولمىدىم.

② I had studied English two years until the end of last week. — I hadn't studied English two years until the end of last week.

ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە

ئىنگلىز تىلىنى ئىككى يىل ئۆگەنمىدىم.

ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىنگلىز تىلىنى ئىككى يىل ئۆگەندىم.

## 3. قايتۇرما سوراق جۈملە

قايتۇرما سوراق جۈملە ئالدى-كەينى ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئالدىنقى قىسمى بايان جۈملە (تۆۋەن ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ) بولۇپ، مەلۇم بىر خىل ئەھۋالنى ئىپادىلەيدۇ ياكى مەلۇم بىر خىل قاراشنى بايان قىلىدۇ. كېيىنكى قىسمى قۇرۇلمىسى ئالدىنقىسىغا قارشى قىسقا سوراق جۈملە (يۇقىرى ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ) بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى سوراشتۇرۇش، ئېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

① It's a fine day, isn't it? بۈگۈن ھاۋا ياخشى، شۇنداقمۇ؟

② You come here everyday, don't you?

بۇ يەرگە كۈندە كېلىسىز، شۇنداقمۇ؟

③ Don't forget, will you? ئۇنتۇپ قالمايسىز ـ ھە؟

### تەلەپ Demand

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش داۋامىدا ئەگىشىدىغان ئۇسۇل ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ، بىز بۇ يەردە مۇنداق ئىككى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

بىرىنچى، يېزىش مەشقىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تىل ئۆگىنىشتە ئاڭلاش بىلەن سۆزلەشنى تەكىتلەش، ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش ئارقىلىق تىل تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈش ئەلۋەتتە توغرا، دائىم ئوقۇپ، كۆپ ماتېرىيال كۆرۈشمۇ مۇھىم. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن يېزىشنىڭ رولىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئاددىي بىر ئابزاسنى يېزىش ئۈچۈنمۇ قاراش، قۇرۇلما ۋە مەزمۇن توغرىلىق ئويلىنىشقا، سۆز ـ جۈملىلەرنى ياخشى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى. يەنە كېلىپ، يېزىش داۋامىدا تىلنىڭ ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ توغرىلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئېغىز تىلىنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. بۇ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تىلنى سۈپەتلىك ئۆگىنىشكە پايدىلىق.

ئىككىنچى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىمۇ ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ نۇرغۇنى كۆپىنچە ۋاقتىنى تىل ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمايدۇ ياكى سەل قارايدۇ، بۇنداق بولىۋەرسە ئۆز مەدەنىيىتىمىزدىن خەۋەرسىز قېلىشىمىز، چەت ئەلگە چىققاندا ياكى مەدەنىيىتىمىزگە قىزىقىدىغان چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچراشقاندا مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە سورالغان سوئاللارغا ئوبدان جاۋاب بېرەلمەي، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

## Exercises مەشىق

### 1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1) ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشىدە ئىككى ئوقۇغۇچى بىرلىكتە بۈگۈنكى ھاۋارايى توغرىلىق پاراڭلىشىڭلار. (سۆزلىشىش داۋامىدا دىئالوگ قىسمىدا ئۆگەنگەن سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىڭلار.)

2) يۇرتۇڭلاردا قىش ۋە يازدا ھاۋا رايى قانداق بولىدۇ؟ دەرسخانىدا بۇ سوئالنى سۆزلىشىش تېمىسى سۈپىتىدە مۇلاھىزە قىلىڭلار.

### 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1) تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاپىيىداش سۆز تېپىپ، بوش ئورۇنغا يېزىڭلار ۋە مەنىسىنى تېپىڭلار:

① a. weather b. ________ c. ________

② a. side b. ________ c. ________ d. ________

③ a. cold b. ________ c. ________ d. ________

④ a. temperature b. ________ c. ________

⑤ a. enter ________ b. ________ c. ________

⑥ a. seldom b. ________ c. ________ d. ________

⑦ a. rain b. ________ c. ________ d. ________

⑧ a. average b. ________ c. ________ d. ________

2) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئۇيغۇرچە بىلەن ئىنگلىز تىلىغا ئورتاق

سۆزلەرنى ئايرىڭلار(قانداق يازىدىغانلىقىنى دەپ بېرەلەمسىلەر؟)

پادىشاھ، ئاسترونومىيە، ئالىم، ئافرىقا، ئالفابىت، باكلاۋر، بانكىر، ۋاسكىتبول، بىئوگرافىيە، رومكا

3) قارىمۇقارشى سۆزلەر گۇرۇپپىسىدا ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

① بۇ يەر يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق.

② ئالىم قورقۇنچاق، قاسىم باتۇر.

③ مەن قوشۇلىمەن، ئۇ قوشۇلمايدۇ.

④ خەرتىشنىڭ پەس تەرىپىدە بىر پىچاق، ئۈستى تەرىپىدە بىر مىخ (nail) بار.

4) ئەتراپىڭلاردىكى تۆت ئادەمنىڭ قانداق كىيىم - كېچەكلەرنى كەيگەنلىكىنى دەپ بېرىڭلار. ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان سۆزلەر: (قوڭۇر) brown، (قارا) black، (ئاق) white، (قىزىل) red، (كۈلرەڭ) grey، (سېرىق) yellow، (كۆك) blue، (يېشىل) green بىلەلمىگەن سۆزلىرىڭلارنى تور سۆزلەر قىسمىدىن ئىزدەڭلار.

## 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىڭلار:

① What are the two friends doing?

② What are their's names?

③ Is Tim lazy or not?

④ What time does he say "yes"?

2) تېكىستتىكى be پېئىلىنىڭ ئۆزگىرىش شەكلىنى ۋە ئىنكار جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭلار.

3) ئىنكار جۈملىگە ئائىت ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن توغرا جاۋابنى تاللاڭلار:

① I (            ) go to school on Sundays.

(will not, do not, did not)

② He (            ) come yesterday.
(have not, did not, does not)

③ I (            ) done my homework yet.
(hadn't, haven't)

④ I (            ) a good student.
(am not, do not, will not)

⑤ We (            ) speaking.
(do not, will not, are not)

4) تۆۋەندىكى قايتۇرما سوراق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار:

① He is a good student, is he?
② They studied English, didn't they?
③ You are a good boy, you are?
④ They will not come, will they?
⑤ She is playing football, is she?

### 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

1) چۈشلۈك تاماق يەي دەۋاتىمەن.
2) چۈشلۈك تاماق يەيمەن.
3) تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭ زۆرۈر.
4) بىز ھازىرلا ماڭمىساق زادى بولمايدۇ.
5) ئۇ بۇ يەرگە كېلىشى كېرەك.
6) ئازراق سۇ ئىچكۈم بار.

### Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

تۆۋەندىكىلەرنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدىكى توغرا جاۋابىنى تاللاڭلار:

1) Man: How is the weather today, Jean?
Woman: It's fine. Just beautiful outside.
Man: Is it very hot?

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

Woman: No, it is cool.

A. تالادا ھاۋا بەك سوغۇق.
B. سىرتنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق.
C. سىرتنىڭ ھاۋاسى سالقىن.
D. تالادا ھاۋا بەك ئىسسىق.

1) Man: Is it very cold and windy in winter?
Woman: It's neither too cold nor windy in winter, but in summer it's rather (خېلى) hot.

A. قىشتا ھاۋا بەك سوغۇق بولىدۇ.
B. قىشتا ھاۋا سوغۇقمۇ، شامالللىقمۇ ئەمەس.
C. قىشتا ھاۋا بەك شامالللىق بولىدۇ.
D. بۇ يەردە ھەمىشە شامال چىقىدۇ.

## Reminds and Adages — ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

ئادەتتە نۇرغۇن كىشىلەر لۇغەتنى بىر ئەر سۆزنىڭ مەنىسىنى تېپىش ئۈچۈن ۋاراقلايدۇ. بەزىلەر بولسا ئۇنى خۇشالللىق ۋە ھەۋەس ئىچىدە كۆرۈپ چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «قورغان» ناملىق مەشھۇر رومانىنىڭ ئاپتورى جېيەن جۇڭشۇ ئەپەندى شۇنچە ئېغىر لۇغەتلەرنى يېنىدىن ئايرىمايدىكەن؛ ئۇزۇن سەپەرلەردە باشقىلار «زېرىكىشلىك» دەپ قارايدىغان ئىنگلىزچە لۇغەتنى كۆرۈپ ماڭىدىكەن. مېنىڭچە بولغاندىمۇ ئوقۇغۇچىلار كىچىكرەك لۇغەتلەرنى يېنىدىن ئايرىماي، ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا ۋاراقلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرسە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىلىپ-بىلمەي نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئەمما، بۇ دېگەنلىك لۇغەتنى يادلاش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس.

لېكىن، بازاردا لۇغەتلەرنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ئۆگەنگۈچىگە ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان ياخشى سۈپەتلىك لۇغەتلەرمۇ، چاپ-چاپ بازارغا ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈن ئالدىراپ تۈزۈلگەن لۇغەتلەرمۇ بار. ئۆگەنگۈچىلەر لۇغەت تاللىغاندا نەشرىياتنىڭ، تۈزگۈچىنىڭ ئىسمىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە تەجرىبىسى بارلاردىن سوراشمۇ ياخشى چارە.

ئىنگلىزچىدە ئاساسنى پۇختا سالغاندىن كېيىن، ئىزاھلىق لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆگەنگەندە سەۋىيە تېز ئۆسىدۇ.

| |
|---|
| Live well, love lots, and laugh often. |
| تۇزۇك ياشاڭ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆيۈڭ، دائىم كۈلۈپ بېرىڭ. |
| Take control of your own destiny. |
| تەقدىرىڭىزنى قولىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ. |
| Make it happen. ئويلىغانلىرىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇڭ. |

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

(ھاۋا توغرىلىق سۆزلەشكەندە ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر)

1. Lovely weather, isn't it?
2. It's a bit cloudy, isn't it?
3. It's muggy.
4. It looks like raining.
5. It's going to be cloudy, I'm afraid.
6. How do you like our weather?
7. The temperature has climbed up.
8. The temperature has dropped a bit today.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# Unit 10 ئونىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Shopping:** نەرسە سېتىۋېلىش

Instruction كۆرسەتمە

① How much …
② How much do you …
③ Can I help you …
④ I need …

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تور سۆزلەر

### A Little Present كىچىك سوۋغىسى

**Text** تېكىست

A misunderstanding خاتا چۈشىنىش

**Grammar** گراماتىكا

1. بۇيرۇق جۈملە 2. تاللانما سوراق جۈملە 3. ئىسىملاردىكى رود

**Demand** تەلەپ

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ۋە باشقىلار

1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق 3. تېكست ۋە گراماتىكا ئۈچۈن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

**Listening Comprehension** **ئاڭلاپ چۈشىنىش**

**Reminds and Adages** **ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت**

**Reading Comprehension** **ئوقۇپ چۈشىنىش**

نەرسە سېتىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 10 ئونىنچى دەرس

## Dialogue دىئالوگ

### Shopping نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش

كۈندىلىك تۇرمۇشتا نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، چەت ئەلدە — ناتونۇش جايلاردا نەرسە - كېرەكلەرنى قانداق سېتىۋېلىش — بىر مەسىلە. ئەمەلىيەتتە، تەسمۇ ئەمەس. باھاسىنى سوراشنى، ھەرخىل تاۋارلارنى سېتىۋېلىشتا دېيىلىدىغان بىر نەچچە خىل مۇھىم جۈملىنى راۋان ئىگىلىۋالغاندىلا ئازادە كەيپىياتتا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

#### باھا سورىغاندا

A: I like this coat. How much does it cost?
B: 200 dollars.
A: Could you come down on the price?
B: No, Sir.

#### يېمەكلىك سېتىۋالغاندا

A: Can I help you in any way?
B: Is this meat just in?
A: Yes.
B: I'd like two pounds of it, please.

### كىيىم - كېچەك سېتىۋالغاندا

A: Let me see that jacket.
B: Yes, It is the fashion now.
A: May I try this one?
B: Certainly. What size do you want?

### كۆرۈپلا قويۇپ، ئالمىغاندا

A: Anything I can do for you?
B: No, thank you. I'm just looking around.

### سىلىق رەت قىلغاندا

A: It is the latest shape.
B: What price is it?
A: It's priced at 100 dollars.
B: Can't you make it cheaper?
A: Sorry, our prices are fixed.
B: That's more than I can afford. Thanks.

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

1) coat [kəut] *n.* پەلتۇ، ئۇزۇن چاپان
boat [bəut] *n.* قولۋاق، قېيىق
goat [gəut] *n.* ئۆچكە
2) cost [kɔst] *n.* سەرپ قىلماق
lost [lɔst] *adj.* يىتتۈرۈپ قويماق
post [poust] *n.* پوچتا
most [moust] *adv.* ئەڭ
3) dollar ['dɔlə] *n.* دوللار

| | |
|---|---|
| collar ['kɔlə] *n.* | ياقا |
| 4) down [daun] *adv.* | پەس تەرەپ |
| own [əun] *v.* | ئىگە، ئىگە بولماق |
| known [naun] *adj.* | بىلىندىغان |
| price [prais] *n.* | باھا |
| rice [rais] *n.* | گۈرۈچ |
| 6) meat [mi:t] *n.* | گۆش |
| neat [ni:t] *adj.* | رەتلىك، پاكىز |
| seat [si:t] *n.* | ئورۇن |
| beat [bi:t] *v.* | ئۇرماق |
| 7) pound [paund] *n.* | فوندستېرلىڭ |
| sound [saund] *n.* | ئاۋاز |
| wound [wu:nd] *n.* | يارا |
| round [raund] *adj.* | يۇمىلاق |
| 8) jacket ['dʒækit] *n.* | چاپان |
| packet ['pækit] *n.* | كىچىك سومكا |
| ticket ['tikit] *n.* | بېلەت |
| pocket ['pɔkit] *n.* | يانچۇق |
| 9) size [saiz] *n.* | نومۇر، رەزمىر |
| rise [raiz] *n.* | كۆتۈرۈلمەك |
| wise [waiz] *adj.* | ئەقىللىق |
| prize [praiz] *n.* | مۇكاپات |
| 10) fashion ['fæʃən] *n.* | مودا |
| nation [neiʃən] *n.* | دۆلەت |
| 11) try [trai] *v.* | سىنىماق |
| cry [krai] *v.* | يىغلىماق |
| sky [skai] *n.* | ئاسمان |
| sly [slai] *n.* | ھىيلىگەر |
| 12) around [ə'raund] *adv* | ئايلانماق |



www.uyghurkitap.com

round [raund] — يۇمىلاق

13) shape [ʃeip] *n.* — قىياپەت

ape [eip] *n.* — ئادەمسىمان مايمۇن

tape [teip] *n.* — ئۈنئالغۇ لېنتىسى

14) cheap [tʃi:p] *adj.* — ئەرزان

leap [li:p] — سەكرىمەك

## 2. ئورتاق سۆزلەر

1) vase [vɑ:z] *n.* — ۋازا، لوڭقا

2) record ['rekɔ:d] *n.* — رېكورت

3) champion ['tʃæmpjən] *n.* — چېمپيون

4) ocean ['ouʃən] *n.* — ئوكيان

5) cashier [kæ'ʃiə] *n.* — كاسسىر

6) parole [pə'rəul] *n. v.* — ① پارول ② چارلىماق

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

1) lost ↔ got [gɔt] — يوقاتماق ↔ ئېرىشمەك

2) down ↔ up [ʌp] — چىقماق ↔ چۈشمەك

3) neat ↔ dirty ['də:ti] — پاكىز ↔ مەينەت

4) raund ↔ square [skwɛə] — يۇمىلاق ↔ چاسا

5) wise ↔ silly ['sili] — ئەقىللىق ↔ نادان

6) cheap ↔ expensive [iks'pensiv] *v.* — ئەرزان ↔ قىممەت

## 4. تۈر سۆزلەر

(مېۋە - چېۋە نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر)

1) apple ['æpl] *n.* — ئالما

2) pear [pɛə] *n.* — نەشپۈت

3) peach [pi:tʃ] *n.* — شاپتۇل

4) apricot ['eiprikɔt] *n.* — ئۆرۈك

www.uyghurkitap.com

5) orange ['ɔrindʒ] *n.* — ئاپېلسىن
6) banana [bə'na:nə] *n.* — بانان
7) grape [greip] *n.* — ئۈزۈم
8) cherry ['tʃeri] *n.* — گىلاس
9) strawberry ['strɔ:bəri] *n.* — بۆلجۈرگەن
10) pomegranate ['pɔmi,grænit] *n.* — ئانار
11) walnut ['wɔ:lnət] *n.* — ياڭاق

## A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

**Gift سوۋغا**

Mrs. Ewing (England) ئېۋىڭ خانىم (ئەنگلىيە)

You ask me what — since we must part,
　You shall bring back to me.
Bring back a pure and faithful heart,
　As true as mine to[①] thee.

You talk of gems from foreign lands,
　Of treasure, spoil, and prize.
Ah love! I shall not search your hands,
　But look into your eyes.

سورىدىڭ مېنىڭدىن ئايرىلار چاغدا،
قايتقاندا ئېپ كېلەي قانداق بىر سوۋغا؟
ئاشۇ پاك قەلبىڭنى ئېپ كەلسەڭ بولدى،
مېنىڭكى قەلبىمدەك تەلپۈنگەن ساڭا.

سۆزلىدىڭ چەت ئەلنىڭ ئۈنچە، ياقۇتى،
بايلىقى ۋە ئولجا، تارتۇق ھەققىدە.
ئامرىقىم، ھېچنېمە كۈتمەيمەن سەندىن،
ئېھ! بولدى، قارىسام كۆزۈڭ ئىچىگە.

① thee ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدىكى you (سەن، سىز) غا ئوخشاش كېلىدۇ.

## Text تېكىست

### A Misunderstanding ئۇقۇشماسلىق

An Englishman is travelling in Italy. He went to a small restaurant to have lunch. He knows only a little Italian and can't read the menu. He knows the word "eggs", and so he asked eggs. Italy is famous for its mushrooms, so he wants some mushrooms. But he does not know the word for mushrooms. The waiter does not speak a word of English, so he can't help him. At last, the man took out a pencil and a piece of paper and very carefully drew a picture of a mushroom on the piece of paper. The waiter looked at the picture of mushroom for a lot of time, then he left. About half an hour later he came back. Do you know what's in his hand? A big black umbrella.

### تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەر

1. misunderstand ['misʌndə'stænd] *v. n.* خاتا چۈشىنىش، ئۇقۇشماسلىق
2. Italian [i'tæljən] *adj. n.* ئىتالىيىلىك، ئىتالىيە تىلى
3. egg [eg] *n.* تۇخۇم
4. famous ['feiməs] *adj.* داڭلىق، مەشھۇر
5. mushroom ['mʌʃrum] *n.* موگۇ
6. waiter ['weitə] *n.* كۈتكۈچى
7. take out *phr.* ئالماق، چىقارماق
8. carefully ['keəfuli] *adv.* ئەستايىدىللىق بىلەن، ئىنچىكىلىك بىلەن
9. draw [drɔː] *v.* سىزماق، تارتماق
10. picture ['piktʃə] *n.* سۈرەت، رەسىم
11. umbrella [ʌm'brelə] *n.* كۈنلۈك

www.uyghurkitap.com

## Grammar گرامماتىكا

### 1. بۇيرۇق جۈملە

ئىلتىماس، تەكلىپ، بۇيرۇق، نەسىھەت، تەلەپ قاتارلىق ئۇي- پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ تەستىق شەكلىدە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى كېلىدۇ؛ ئىنكار شەكلى «پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى +don't» ياكى «پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى +Never» ھالىتىدە بولىدۇ. ئوبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىش، نارازىلىقنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىغاندا، بۇيرۇق جۈملىدە ئىگىنى ئېنىق كۆرسىتىشنىڭ ياكى قاراتما سۆزلەرنى قېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. تۆۋەندىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ تەستىق، ئىنكار شەكىللىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

| ئىنكار شەكلى | تەستىق شەكلى |
|---|---|
| Don't forget it! | Forget it! |
| ئۇنى ئۇنتۇما! | ئۇنى ئۇنتۇپ كەت! |
| Don't come here! | Come here! |
| بۇ يەرگە كەلمە! | بۇ يەرگە كەل! |
| Never do it! | Do it! |
| ھەرگىز ئۇنى قىلما! | ئۇنى قىل! |

«پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى +Let's» لىق قۇرۇلمىسىمۇ بۇيرۇق جۈملىنىڭ بىرخىل شەكلى بولۇپ، ئۈمىد ياكى ئارزۇنى، تەكلىپنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىنكار شەكلى«پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + Let's not» بولىدۇ. مەسىلەن:

① Let's see! كۆرۈپ باقايلى!

② Let's read the text! تېكىستنى ئوقۇيلى!

③ Let's not go! → Don't let's go! بارمايلى! (بارمايلى!)

ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئىنكارىدا «پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى +Let's don't» لىق قۇرۇلمىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Let's don't say anything! ھېچنېمە دېمەيلى!

## 2. تاللانما سوراق جۈملە

تاللانما سوراق جۈملىنىڭ شەكلى ئادەتتىكى سوراق جۈملىسىگىگە ئوخشايدۇ. پەقەتلا بۇ خىل سوراق جۈملىدە «or» بىلەن باغلانغان، ئارىسىدىن بىرىنى تاللاشقا بولىدىغان ئىككى تەڭداش تەركىب بولىدۇ. جۈملىنىڭ بېشى يۇقىرى، ئاخىرى تۆۋەن ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

① —Do you want tea or coffee? - چاي ئىچەمسىز، قەھۋەمۇ؟

—Either will do. - قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ.

② —Shall we meet this week or next week?

- مۇشۇ ھەپتە كۆرۈشەمسىزمۇ، كېيىنكى ھەپتىدىمۇ؟

—Let's meet next week. - كېيىنكى ھەپتە كۆرۈشەيلى.

③ —Do you like pop music or classical music?

- مودا مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى كلاسسىك مۇزىكىلارنىمۇ؟

—I like classical music. - كلاسسىك مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرىمەن.

## 3. ئىسىملاردىكى رود

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملاردا رۇسچە، فرانسۇزچە قاتارلىق تىللارغا ئوخشاش سۆز ئاخىرىدا ئۆبيېكتىنىڭ ئەر - ئايال، ئەركەك - چىشى بولۇشىغا قاراپ رود ئۆزگىرىشى بولىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرىمايدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى ئىسىملاردىلا رود ئۆزگىرىشى بولىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ يىلتىزى ئوخشايدۇ، بەزى سۆزلەرنىڭ يىلتىزى پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

سۆزنىڭ يىلتىزى ئوخشايدىغانلىرى

| ئەرلىك رود | | ئاياللىق رود | |
|---|---|---|---|
| actor | ئارتىس | actress | ئايال ئارتىس |
| host | ساھىبخانا | hostess | ئايال ساھىبخانا |
| prince | شاھزادە | princess | مەلىكە |
| waiter | كۈتكۈچى | waitress | ئايال كۈتكۈچى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### سۆزنىڭ يىلتىزى ئوخشىمايدىغانلىرى

| ئەرلىك رود | | ئاياللىق رود | |
|---|---|---|---|
| boy | ئوغۇل | girl | قىز |
| brother | ئاكا-ئىنى | sister | ئاچا-سىڭىل |
| husband | ئەر | wife | خوتۇن |
| son | ئوغۇل پەرزەنت | daughter | قىز پەرزەنت |
| dog | ئىت | bitch | قانجۇق |

ئاياللىق رودتىكى سۆزلەرنىڭ « -ess» قېتىلىدىغان شەكلىدىن باشقا شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەرلىك رود | | ئاياللىق رود | |
|---|---|---|---|
| boy friend | ئوغۇل دوست | girl friend | قىز دوست |
| spokesman | باياناتچى | spokeswoman | ئايال باياناتچى |
| he-bird | ئەركەك قۇش | she-bird | چىشى قۇش |

بەزىدە، جۈملىدە تىلغا ئېلىنغۇچىنىڭ ئەرمۇ، ئايالمۇ بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغاندا، «he» بىلەن «she» تەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

If a student wants to find a good job, he or she should study hard.

ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى ياخشى خىزمەت تاپماقچى بولىدىكەن، چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك.

### Demand تەلەپ

هازىر ئىنگلىز تىلىنى ياخشى سۆزلەيدىغان ياكى ئىنگلىز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان بەزى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مۇنداق بىر خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بىر قىسىم ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ياكى كۆپ ۋاقتىنى ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە قارىتىپ، باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ ياكى ئۇنى ئۆگىنىشكە كۆپ ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن باشقا بىلىمنى بىلمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش، ئىنگلىز تىلىنى سۆزلەشكە بەك كۈچ سەرپ قىلىپ كېتىپ، ئانا تىلىنى، دۆلەت تىلىنى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ.

نەتىجىدە، ئۆگەنگەن ئىنگلىز تىلى بىلەن ھېچقانچە ئىش قىلالمايدۇ. يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار باركى، غەرب مەدەنىيىتىنى زىيادە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى كەمسىتىدىغان، ياراتمايدىغان غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل يامان ئادەتلەردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. شۇنىسى ئەستە تۇتۇش لازىم، ئىنگلىزۇ تىلى بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن بىلىملەرنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن بىلىمنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئىنگلىز تىلى پەقەت بىر خىل قورال. ئۇنى ئۆگىنىۋېلىش پۈتكۈل بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## Exercises مەشىق

### 1. دىئالوگ ئۆچۈن مەشىق

1) «نەرسە سېتىۋېلىش» دېگەن تېمىدا ئىككى ئوقۇغۇچى ئىككى خىل رول ئېلىپ، تۆۋەندىكى ئارقا كۆرۈنۈشنى ئورۇنداڭلار:

(1) مەلۇم بىر خىل يېمەكلىك سېتىۋېلىش؛

(2) كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش؛

(3) مەلۇم نەرسىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش.

2) «بۇ ··· نەچچە پۇل؟» دېگەن جۈملىنى ۋە «ئۇ··· پۇل» دېگەن جۈملىنى ئوخشىمىغان بىر نەچچە خىل ئۇسۇلدا دەپ بېقىڭلار.

### 2. سۆزلۈك ئۆچۈن مەشىق

1) «سۆز گۈلزارى» نىڭ «قاپىيىلىك سۆزلەر» قىسمىدا ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاپىيىداش سۆزلەرنى تېپىپ، مەنىسىنى دەپ بېرىڭلار.

① a. coat b. ________ c. ________

② a. cost b. ________ c. ________ d. ________

③ a. dollar b. ________

④ a. down b. ________ c. ________

⑤ a. pound b. ________ c. ________ d. ________

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

⑥ a. meat b. ________ c. ________ d. ________

⑦ a. size b. ________ c. ________ d. ________

⑧ a. shape b. ________ c. ________ d. ________

⑨ a. cry b. ________ c. ________ d. ________

2) تۆۋەندىكىلەردىن ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە ئورتاق سۆزلەرنى تېپىپ، ئىنگلىزچىسىنى يېزىڭلار، تەلەپپۇزنىڭ توغرىلىقىغا دىققەت قىلىڭلار:

ۋازا، رېكورت، ئالما، چېمپىيون، گىلاس، ئوكيان، كاسسىر، پارول

3) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزىنى تېپىڭلار:

① down ↔ ________ ② square ↔ ________

③ wise ↔ ________ ④ expensive ↔ ________

⑤ got ↔ ________ ⑥ dirty ↔ ________

4) «تۈر سۆزلەر» قىسمىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ۋە چىقمايدىغان مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمىنى دەپ بېرىڭلار.

### 3. تېكىست ۋە گرامماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىڭلار:

① Who is travelling in Italy?

② Does he know Italian?

③ What does he want for lunch?

④ When did he come back?

⑤ What is in his hand?

2) تېكىستتىن قائىدىسىز ئۆزگەرگەن پېئىلدىن ئۈچنى، قائىدىلىك پېئىلدىن ئىككىنى، پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن بىرنى، پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلىدىن ئىككىنى تېپىڭلار.

3) تۆۋەندىكى بۇيرۇق جۈملىلەردىن تەستىق جۈملە بولسا ئىنكار شەكلىنى، ئىنكار جۈملە بولسا تەستىق شەكلىنى يېزىڭلار:

① Don't open the door!

② Let's speak loudly!

③ Never sleep much!

④ Answer my question!

⑤ Be happy!

3) ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى تاللانما سوراق جۈملە شەكلىدە سورالغان سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىڭلار:

① Are you a boy or a girl?

② Do you like to read books or listen to music?

③ Do you live in Urumqi or other places?

④ Are you Uyghur or not?

⑤ have you ever been to America or England?

## 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

بۇيرۇق جۈملە، تاللانما سوراق جۈملە، ئىسىملاردىكى رود ھەققىدە ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1) بالدۇر قوپايلى! جىق ئۇخلىمايلى.

2) ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىۋاتامسىز، ياپونچىنىمۇ؟

3) ھەرگىز ئۇنى ئىزدىمەڭ، تىرىشىپ ئۆگىنىڭ.

4) ئۆگىنەيلى، ئۆگىنەيلى، يەنە ئۆگىنەيلى!

5) ئاچچىقلىماڭ، خۇشال بولۇڭ!

6) ئوقۇتقۇچى بولامسىز ياكى دوختۇرمۇ؟

7) ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى غەربچە تاماقلارنىمۇ؟

8) مېنىڭ دادام ساقچى، ئۇنىڭ ئانىسى ساقچى.

9) مەن يولدا بىر ئەر ۋە بىر ئايالنى كۆردۇم.

10) ئوغۇل كۇتكۇچىلەر دېرىزە سۈرتىۋاتىدۇ، قىز كۇتكۇچىلەر ئاشخانىنى تازىلاۋاتىدۇ.

11) ئەر ساھىبخانىنىڭ ئىسمى قادىر، ئايال ساھىبخانىنىڭ ئىسمى ئايشەم.

12) بىزگە ئەر ئارتىسلار كېرەك ئەمەس، ئايال ئارتىسلار كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

تۆۋەندىكى دىئالوگلارنى ئاڭلاپ، ئاخىرىدىكى توغرا بىر جاۋابنى تاللاڭلار:

1) Man: How much does this car-cost?

Woman: 20000 dollars.

A. ئەر ئايالدىن بۇ يەردە قانچە ماشىنا بار دەپ سورىدى.

B. ئايال 20000 ماشىنا بار دەپ جاۋاب بەردى.

C. ئەر ئايالدىن بۇ ماشىنىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى سورىدى.

D. ئايال ئۆزىدە بار پۇلنىڭ 20000 دوللار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

2) Man: How much are you asking for this pen?

Woman: Twenty Yuan.

A. ئەر ئايالدىن قانچە قەلەم بارلىقىنى سورىدى.

B. ئايال قەلىمىنى 20 يۈەنگە ئالغانلىقىنى ئېيتتى.

C. ئەر ئايالدىن قانچە قەلەم ئالىدىغانلىقىنى سورىدى.

D. ئەر ئايالدىن بۇ قەلەمنى قانچە پۇلغا ساتىدىغانلىقىنى سورىدى.

## Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تەلەپپۇزىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىدىن قاقشايدۇ. بۇنداق بولۇشىدا نۇرغۇن سەۋەب بار. بەلكىم ئۇلار ئىچىدە ئوقۇشقىلا، كۆرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلمىغان ياكى باشتىن باشلاپ ئاۋازىنى چىقىرىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلار تەلەپپۇزنى ياخشىلاشقا پايدىسىز. ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىتتا، مۇمكىنقەدەر ئۈنلۈك ئوقۇش، تەلەپپۇزى توغرا كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىغا، تەلەپپۇزنى قانداق قىلىپ ياخشىلىغىنىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە؛ تەلەپپۇزنى ياخشىلاش ئۇنچە تەس ئەمەس. گەپ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكتە، ئۈنلۈك ئوقۇش - ئوقۇماسلىقتا. بىر لېنتىنى باشتىن-ئاخىر پىششىق، تولۇق ئاڭلىساق، ھەمدە ئۆزىمىز ئەگىشىپ قايتا - قايتا ئوقۇساق تەلەپپۇزىمىز ياخشىلىنىدۇ. ئامېرىكا (VOA)

رادىئوسىنىڭ «ئالاھىدە ئىنگلىز تىلى» (Special English) نامىدىكى ئاستا، ئۆلچەملىك ئوقۇلغان ئىنگلىز تىلى لېنتىلىرى كىتابخانىدا تېپىلىدۇ. تەلەپپۇزنى ياخشىلاشقا شۇ لېنتا ياخشى. ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ تەلەپپۇز تەبىئىي ياخشىلىنىدۇ.

Consider things from every angle.

ئىشلارنى ھەممە تەرەپتىن تولۇق ئويلاڭ.

Give more than you planned to.

باشقىلارغا چىقىراق ئاتا قىلىڭ، چىق ھېسابلاشماڭ.

Don't give up and don't give in.

ۋاز كەچمەڭ ھەم ھەمىشە باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچىمۇ ماڭماڭ.

## Reading Comprehension ئوقۇپ چۈشىنىش

(مال سېتىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا جۈملىلەر)

1) What can I show you?
2) What size do you take?
3) How much is it?
4) How do you sell it?
5) It's priced at 100 yuan.
6) That's very expensive.
7) Can you come down a bit?

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# Unit 11 ئون بىرىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

**Theme: Talking about Study**
**ئۆگىنىش توغرىلىق پاراڭلىشىش**

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

① How many courses do you have …
② What is your mark in … exam?
③ I got … points.
④ How did you …?

### Word Garden سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر
4. تۈر سۆزلەر

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

Text تېكىست

**The Merry May** مايدىكى شادلىق
(ئىنگلىزچە قىسقا شېئىر)

**A Riddle** تېپىشماق

Grammar گراماتىكا

1. ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى) 2. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم بىلەن

سانغىلى بولمايدىغان ئىسىم 3. such بىلەن same نىڭ ئىشلىتىلىشى

**Demand** تەلەپ

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە مەقسەت ئېنىق بولۇش كېرەك

**Eercises** مەشىق

1. دىئالوگ ئۇچۇن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۇچۇن مەشىق 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۇچۇن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

**Listening Comprehension** ئاڭلاپ چۈشىنىش
**Reminds and Adages** ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت
**Reading Comprehension** ئوقۇپ چۈشىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون بىرىنچى دەرس Unit 11

## دىئالوگ Dialogue

### Talking about Study

### ئۆگىنىش توغرىلىق پاراڭلىشىش

ئۆگىنىش توغرىلىق پاراڭلىشىش — دوستلار ئارا پاراڭلاشقان چاغدىكى ياخشى تېما. ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە قاچانغىچە ياشايدىكەنمىز؛ شۇ چاغقىچە ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ھەر قانداق ئادەم ئۆگىنىشكە موھتاج. شۇڭا ئۆگىنىش — مەڭگۈلۈك تېما. ئۇنداق بولسا ئۆگىنىش توغرىسىدا دوستلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش كېرەك؟

#### دەرسلەر توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: How many courses do you have for this semester?

B: I have six required courses and three optional courses.

A: I think the course load is a little heavy.

B: Not really.

#### ئىمتىھان توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: What's your mark in computer exam?

B: I got 92 points.

A: Congratulations! But, I'll have to take a make-up exam. How did you manage to do that?

B: I studied day and night.

## ئوقۇيدىغان كەسپ توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: I'm going to Nankai University to do post-graduate work.

B: What's your major?

A: I major in history.

## دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك سۆز ئىبارىلەر

1. semester — مەۋسۇم
2. course — دەرس، كۇرس
3. required course — زۆرۈر دەرس
4. optional course — تاللىما دەرس
5. course load — دەرس يېسىمى
6. mark — نومۇر
7. exam (examination) — ئىمتىھان
8. congratulation — مۇبارەك بولسۇن!
9. take make-up exam — تولۇقلىما ئىمتىھان بەرمەك
10. post-graduate — ماگىستىر، ماگىستىرلىق
11. major — كەسپ، ... كەسپتە ئوقۇماق

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

1. course [kɔːs] *n.* — دەرس
   sourse [sɔːs] *n.* — مەنبەئە، كېلىش مەنبەسى
   worse [wəːs] *adj.* — ناچارراق
2. semester [si'məstə] *n.* — مەۋسۇم
   easter ['iːstə] *n.* — پاسخا بايرىمى، تىرىلىش بايرىمى
   master ['mɑːstə] *adj.* — پىشقان، خوجايىن
   faster [fɑːstə] *adv.* — تېزراق
   minister ['ministə] *n.* — مىنىستىر

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 3. require [ri'kwaiə] *v.* | ئىلتىماس قىلماق، تەلەپ قىلماق |
| inquire [in'kwaiə] *v.* | سۈرۈشتۈرمەك |
| acquire [ə'kwaiə] *v.* | ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك |
| 4. three [θri:] *n.* | ئۈچ |
| tree [tri:] *n.* | دەرەخ |
| 5. load [loud] *n.* | يۈك |
| road [roud] *n.* | يول |
| broad [brɔ:d] *n.* | كەڭ، كەڭرى |
| 6. little ['litl] *adj. adv.* | ئاز، ئازراق |
| title ['taitl] *n.* | تىتول، كىتاب نامى |
| 7. mark [mɑ:k] *n.* | نومۇر، بەلگە |
| dark [dɑ:k] *adj.* | قاراڭغۇ |
| lark [lɑ:k] *n.* | تورغاي |
| park [pɑ:k] *n. v.* | ① باغچا ② توختىماق |
| 8. manage to ['mənidʒ] *v.* | ... قىلىشقا قادىر بولماق |
| bandage ['bəndidʒ] *n.* | داكا |
| age [eidʒ] *n.* | ياش |
| cage [keidʒ] *n.* | قەپەز |
| 9. work [wə:k] *n. v.* | ئىش، ئىشلىمەك |
| pork [pɔ:k] *n.* | چوشقا گۆشى |

## 2. ئورتاق سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. canal [kə'næl] *n.* | قانال (دېڭىزدىكى) |
| 2. carbon ['kɑ:bən] *n.* | كاربون |
| 3. cartoon [kɑ:'tu:n] *n.* | كارتون فىلىم |
| 4. catalogue ['kæəlɔg] *n.* | كاتالوگ، مۇندەرىجە |
| 5. debt [det] *n.* | دېبت، قەرز (b تاۋۇشى ئوقۇلمايدۇ) |
| 6. decade ['dekeid] *n.* | دېكادا (ئون كۈن، ئون يىل) |
| 7. decorate ['dekəreit] *n. v.* | دېكوراتسىيە، زىننەتلىمەك |

## 3. قارىمۇقارشى سۆزلەر

1. worse ↔ better ['betə] *adj.* ئەسكىرەك ↔ ياخشىراق
2. broad ↔ narrow ['nærou] *adj.* كەڭ ↔ تار
3. little ↔ much [mʌtʃ] *adv.* ئاز ↔ كۆپ
4. dark ↔ bright [brait] *adj.* قاراڭغۇ ↔ يورۇق
5. manage to ↔ fail to [feil] *v.*
...قا قادىر بولماق ↔ ... تا مەغلۇپ بولماق

## 4. تۈر سۆزلەر

(هاۋا رايىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر)

1. rain [rein] *n. v.* ① يامغۇر ② يامغۇر ياغماق
2. snow [snou] *n. v.* ① قار ② قار ياغماق
3. wind [wind] *n.* شامال
4. cloud [klaud] *n.* بۇلۇت
5. cloudy ['klaudi] *adj.* بۇلۇتلۇق
6. cool [ku:l] *adj.* سالقىن
7. storm [stɔ:m] *n.* جۇدۇن
8. air [ɛə] *n.* هاۋا
9. fog [fɔg] *n.* تۇمان
10. thunder ['θʌndə] *n.* گۈلدۈرماما

### A Little present كۆڭۈل سوۋغىسى

#### The Merry May مايدىكى شادلىق

In the merry month of May,
All the pretty flowers are gay.
They all dance and sing and say:
"The winter days are far away,
Welcome, welcome the merry May."

www.uyghurkitap.com

شادلىققا پۈركەنگەن بەشىنچى ئايدا،
خۇشلۇققا چۆمىدۇ گۈزەل گۈل - گىياھ.
كۈي كۈيلەپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بىرلىكتە،
دېيىشەر: «مۇدھىش قىش قالدى يىراقتا،
مەرھابا، شادىمان ماي، ساڭا مەرھابا!»

In the merry month of may,
All the girls and boys are gay.
They all laugh and sing and say:
"The winter days are far away,
Welcome, welcome the first of May."

شادلىققا پۈركەنگەن بەشىنچى ئايدا،
قالىدۇ قىز - يىگىت قىنىغا پاتماي.
ناخشىغا جۆر بولۇپ قىلىپ تەنتەنە،
دېيىشەر: «قىش مەڭگۈ يىراقتا قالغاي،
مەرھابا، مەرھابا، ساڭا تۇنجى ماي!»

## Text تېكىست

### A Riddle تېپىشماق

Look and see if you know me. You can't find me, for no one can see me. Sometimes I rush up the street very fast and break some of the windows.

I take off men's hats when I am running, and I send them flying. Ha! They run to get the hats, and the women run to get them, too.

You may think I am not friendly at all. But I can do much good. I bring the rain with me to make the trees and flowers grow. I cool you when you are too hot. And I make the air clean.

Do you know my name?

## تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. if [if] *conj.* | ... بولمىدۇ، قىلمامدۇ؛ ئەگەر |
| 2. rush up [rʌʃ 'ʌp] *phr.* | ئالدىراپ ئۆتمەك |
| 3. street ['stri:t] *n.* | كوچا |
| 4. break [breik] *n.* | بۇزۇۋەتمەك، چېقىۋەتمەك |
| 5. fly [flɑ:] *v. n.* | ئۇچماق؛ چىۋىن |
| 6. friendly ['frendli] *adj.* | دوستانە |
| 7. bring [briŋ] *n.* | ئەكەلمەك |
| 8. grow [grou] *v.* | چوڭ بولماق، ئۆسمەك |

## Grammar گراماتىكا

### 1. ئىبارە

ئىبارە (ياكى سۆز بىرىكمىسى) مۇستەقىل مەنە ئاڭلىتىدىغان، لېكىن تارماق جۈملە ياكى جۈملە بولالمايدىغان سۆز توپى. ئىنگلىز تىلىدا ئىبارىلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى بار:

1) ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە. جۈملىدە ئىسىمنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

① My cousin is a <u>University student.</u>

نەۋرە ئىنىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

② We should study <u>standard English.</u>

ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

2) پېئىل خاراكتېرلىك ئىبارە. جۈملىدە پېئىلنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

I <u>have been studying</u> English for two years.

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولدى.

3) سۈپەت خاراكتېرلىك ئىبارە. جۈملىدە سۈپەتنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

She is <u>very beautiful.</u> ئۇ بەك گۈزەل.

4) رەۋىش خاراكتېرلىك ئىبارە. جۈملىدە رەۋىشنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

He speaks English <u>very nicely.</u>

ئۇ ئىنگلىز تىلىنى بەك چىرايلىق سۆزلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

5) تىركەلمىلىك ئىبارە. جۈملىدىكى رولى ناھايىتى كۆپ. لېكىن، كۆپىنچە ھالەت بولىدۇ.

The earth goes round the sun.

يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

6) ھەرىكەتنامىلىق ئىبارە. جۈملىدە ھەرىكەتنامىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

Watching TV is a pleasure.

تېلېۋىزور كۆرۈش بىر ھوزۇر.

ئىنگلىز تىلىدا، بۇنىڭدىن باشقا، سۆز تەرتىپى ۋە مەنىسى ئاللىبۇرۇن مۇقىملىشىپ بولغان مۇقىم سۆز بىرىكمىلىرىمۇ بار.

## 2. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم

ئىنگلىز تىلىدا سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم بىلەن سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇلارنى پەرقلەندۈرۈشتە ساناشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئايرىشلا كۆپايە قىلمايدۇ. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا سانىغىلى بولماسلىق ھەققىدىكى قائىدىگە چۈشىدىغان بەزى ئىسىملار ئايرىم كونتېكىستلاردا سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «coffee» دېگەن سۆز تۆۋەندىكى ئىككى جۈملىنىڭ بىرىدە سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم، يەنە بىرىدە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بولۇپ كەلگەن:

① Do you want tea or coffee?

سىزگە چاي كېرەكمۇ قەھۋەمۇ؟ (سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم)

② Two coffees, please.

ئىككى ئىستاكان قەھۋە. (سانىغىلى بولىدۇ، two cups of coffee غا تەڭ)

ئادەتتە ئابستراكت ئىسىملارنى سانىغىلى بولمايدۇ دەپ قارايمىز. لېكىن، ئىنگلىز تىلىدا خېلى جىق ئابستراكت ئىسىملارنى سانىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، hope (ئۈمىد)، dream (چۈش، ئارزۇ)، experience قاتارلىق ئابستراكت ئىسىملاردىن كېيىن «s» قاتقىلى بولىدۇ.

### 3. such بىلەن same نىڭ ئىشلىتىلىشى

كۆرسىتىش ئالماش such «شۇنداق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسىم ھەم سۈپەتلىك خاراكتېرگە ئىگە. جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى قاتارلىق جۈملە بۆلىكى بولىدۇ.

1) ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

Such is life. ھايات — شۇنداق.

2) تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

I want some materials about grammar and such.

مەن گراماتىكا ۋە شۇ خىلدىكى بەزى ماتېرىياللارغا مۇھتاج. (and such مۇقىم قۇرۇلما.)

3) كېسىم خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

She is still such as I saw before.

ئۇ ھېلىھەم مەن بۇرۇن كۆرگەندەكلا تۇرۇپتۇ.

4) ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

I have never seen such a person.

مەن بۇنداق ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرمەپتىكەنمەن.

5) باشقا نۇرغۇن مۇقىم ئىبارىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

such as it is (مۇشۇنداق بولسىمۇ)، such as (... غا ئوخشاش)

كۆرسىتىش ئالماش «same» نىڭمۇ «ئوخشاش» دېگەن مەنىسى بولۇپ، ھەم ئىسىملىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. كۆپىنچە ئېنىق ئارتىكل «the» بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق جۈملە بۆلەكلىرى بولىدۇ.

1) ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

The same is the case with me. مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ئوخشاش.

2) تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

I felt the same. مەنمۇ ئوخشاش ھېس قىلدىم.

3) كېسىم خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

It's all the same to me. ماڭا بەربىر ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

4) ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

He always goes to the same place.

ئۇ ھەمىشە ئوخشاش بىر جايغا بارىدۇ.

5) ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

Thank you all the same. — سىزگىمۇ ئوخشاشلا رەھمەت.

## Demand — تەلەپ

### ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتە مەقسەت ئېنىق بولۇشى كېرەك

مېنىڭچە، تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆگىنىش مەقسىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاۋادا بىرەيلەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ چەت ئەللىكلەرگە دائىر تىجارەت قىلماقچى ياكى چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلماقچى بولسا، مەن ھەرگىزمۇ ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش، تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ئومومىيلىق نۇقتىسىدىن مەشىق قىلىش تەكلىپىنى بەرمىگەن بولاتتىم؛ تەپسىلىي ئوقۇش دەرسلىكى، كەڭ دائىرىلىك ئوقۇش دەرسلىكى، يېزىقچىلىق دەرسلىكى قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇشنىمۇ تەۋسىيە قىلمىغان بولاتتىم. چۈنكى، يۇقىرىقى ئېھتىياجدا بىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى ئېغىز تىلى.

ئەگەر، ئىنگلىز تىلى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش مەقسىتىدە ئۆگىنىلسە، ئۇنداقتا چوقۇم GRE ۋە TOEFL ئىمتىھانلىرىنى بېرىش كېرەك. بۇ ئىمتىھانلاردا پۇختا تىل ئاساسىدىن يەنە باشقا ئىمتىھان بېرىش ماھارەتلىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئىمتىھاندىن بۇرۇن قاراتمىلىقى بار ھالدا سىستېمىلىق ئۆگىنىش كېرەك.

ئەگەر بىرەيلەن ئىنگلىز تىلىنى چەت ئەل مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مۇكەممەل، پىششىق بىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ سىستېمىلىق، كەڭ دائىرىلىك ئۆگىنىشى، بوشاشماي جاپالىق مەشىق قىلىشى كېرەك. ئەمما، ئىمتىھاننىڭ رولى زىيادە تەكىتلىنىپ، پەقەتلا قاراتمىلىق ئۆگىنىش قىلىغاندا، بىلىم قۇرۇلمىسى تار دائىرىلىك بولۇپ قالىدىغان، ئېغىزچە راۋان ئالاقىلىشالمايدىغان پاسسىپ ئەھۋالمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

ھازىر دىققەتكە ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر يۈزلىنىش بار. يەنى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىلغار تېخنىكىنىڭ رولىنى زىيادە مۇبالىغە قىلىۋېتىــــدىغان؛ كومپيۇتېردىن، ئېلېكترونلۇق لۇغەتتىـــــن، ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ تىل ئۆگىنىدىغان ھەم ئۇلارغا بارلىق ئۈمىدنى باغلىۋېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. بۇ، تىل ئۆگىنىشتىكى بىر خىل خاتا ئىدىيە.

## Excercises مەشىق

### 1. دىئالوگ ئۈچۈن مەشىق

1) ئىككى ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش توغرىلىق پاراڭلىشىڭلار، پاراڭ ئارىلىقىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار گەۋدىلەنسۇن:

① ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقى؛

② ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە نېمە تەس، نېمە ئاسان تۇيۇلۇۋاتقانلىقى؛

③ ئىنگلىز تىلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقى.

2) تۆۋەندىكى سوئالنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالــــغا ئاساسەن دەرسخانىدا مۇلاھىزە قىلىڭلار.

What can you study easily? why?

### 2. سۆزلۈك ئۈچۈن مەشىق

1) «سۆز گۈلزارى» نىڭ «قاپىيىداش سۆزلەر» گۇرۇپپىســــــدا ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنى تېپىڭلار:

① a. course b. مەنبە c. ناچارراق

② s. semester b. پاسخا بايرىمى c. خوجايىن d. مىنىستىر

③ a. inquire b تەلەپ قىلماق c. ئېرىشمەك

④ a. mark b. قەرز c. كەگرى

⑤ a. mark b تورغاي c. قاراڭغۇ d. باغچا

⑥ a. age b ...غا قادىر بولماق c. قەپەز d. داكا

2) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچىغا ئورتاق سۆزلەرنى

www.uyghurkitap.com

تېپىپ، ئىنگلىزچىسىنى يېزىڭلار:

دېكوراتسىيە، كىنو، كاتالوگ، كارتون، يولتۇز، كاربون، قانال، دېبىت، دېكادا، دورا

3) تۆۋەندىكىلەرگە قارىمۇ قارشى سۆز بىرىكمىلىرىنى يېزىڭلار:

① worse student ↔

② braod road ↔

③ little time ↔

④ bright room ↔

⑤ manage to pass exam ↔

4) ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنگلىزچە سۆزلەردىن كەم دېگەندە بەشنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## 3. تېكىست ۋە گراماتىكا ئۈچۈن مەشىق

1) تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىڭلار:

① Can "I" bring the rain?

② Can "I" cool you when you are too hot?

③ Do you know its name?

2) تېكىستنىڭ ھەربىر قۇرىدا دېگۈدەك پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئۇچرايدۇ. شۇنداق جايلارنى تېپىپ، ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئىشلىتىلىش سەۋەبىگە دىققەت قىلىڭلار.

3) گراماتىكا قىسمىدا ئۆگەنگىنىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا such بىلەن same دىن ماس كېلىدىغىنىنى تولدۇرۇڭلار:

① I'll wait for you in the ________ place.

② He is ________ a good boy that everyone likes him.

③ I didn't meet ________ a man.

④ You are the ________, don't go!

⑤ He is ________ a man that never borrow money to others.

### 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

1) مەن بىر ياخشى مۇزىكا ئاڭلىدىم.
2) مېنىڭ بىر ئارزۇيۇم بار.
3) قاسىمنىڭ ئىككى قېرىندىشى بار.
4) سىنىپتا بەش ئوقۇغۇچى بار.
5) بىز ئوخشاش بىر سىنىپتا.
6) ئۇلار بىر شەھەردە تۇرىدۇ.
7) بۇنداق ياخشى ئوقۇغۇچىنى كۆرمەپتىكەنمەن.

## Listening Comprehension ئاڭلاپ چۈشىنىش

تۆۋەندىكى دىئالوگقا ئاساسەن ئاخىرىدىكى جاۋابىدىن توغرىسىنى تاللاڭلار:

1) Manॱ: What is youy mark in chemistry exam?
Woman: Oh, I thought I did a good job.
A ئەر ئايالدىن ئىمتىھان نومۇرى توغرىلىق سورىدى.
B. ئايال ئىمتىھاندا ياخشى خىزمەت كۆرسەتتى.
C. ئايالنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ناھايىتى تۆۋەن.
D. ئەرنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى.

2) Man: What are you going to study?
Woman: I'd like to study medicina.
A. ئايال مېدىتسىنانى ياخشى كۆرىدۇ.
B. ئايال مېدىتسىنا كەسپىدە ئوتۇماقچى.
C. ئايال ئوقۇشقا چىقماقچى.
D. ئەر مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇماقچى.

## Reminds and Adages ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت

تەلەپپۇزنى جۈملە ئىچىدە ھېس قىلىش ۋە ئۆگىنىش كېرەك. سۆزلەر مەلۇم بىر قائىدە ياكى تەرتىپ بويىچە بىرىكىكەندىلا ئاندىن تولۇق ئاياغلاشقان

بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇن جۈملە ئەتراپىدا ئەمەلىي ئورمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جۈملىنى تاللاپ، قايتا - قايتا تەقلىد قىلىپ ئاڭلىغاندا تەلەپپۇز ئۆتكىلىدىن ئۆتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنگلىز تىلىنى جۈملە ئىچىدە ئۆگىنىشمۇ ياخشى ئۇسۇل. بۇنداق بولغاندا نۇرغۇن گراماتىكىلىق مەزمۇن، جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەستە مەھكەم ساقلىنىپ قالىدۇ.

| |
|---|
| Avoid negative people, places, things and habits.<br>پاسسىپ كىشىلەردىن، پاسسىپ ئورۇنلاردىن، پاسسىپ ئىشلاردىن ۋە يامان ئادەتلەردىن نېرى تۇرۇڭلار.<br>Enrich your life today. Yesterday is history. Tomorrow is mystery.<br>بۈگۈنكى ۋاقتىڭىزنى مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈڭ. تۈنۈگۈن — بىر تارىخ، ئەتە — بىر سىر.<br>Visualize it. تەسەۋۋۇر قىلىشقا ماھىر بولۇڭ. |

**Reading Comprehension** ئوقۇپ چۈشىنىش

(ئۆگىنىش توغرىلىق پاراڭلاشقاندا دېيىلىدىغان باشقا جۈملىلەر)

1. What did you specialize in?
2. What subjects are you studying?
3. I take world history as my major.
4. I'm doing modern languages.
5. I'm studying art at University.
6. I specialize in chemistry.

# Unit 12 ئون ئىككىنچى دەرس

## Summary
## ئاساسىي مەزمۇنى

### Dialogue دىئالوگ

Talking about work
خىزمەت توغرىلىق پاراڭلىشىش

Instruction كۆرسەتمە

دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك جۈملە شەكىللىرى

① What do you …
② Where do you …
③ Are you a ….
④ How do you like your …

### Word Garden ـ سۆز گۈلزارى

1. قاپىيىلىك سۆزلەر 2. ئورتاق سۆزلەر 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر 4. تۈر سۆزلەر

### A Little Present كۆڭۈل سوۋغىسى

In a Restaurant رېستۇراندا
(يۇمۇر)

### Text تېكىست

A Mother of Ten Children. ئون بالىنىڭ ئانىسى

### Grammar گراماتىكا

1. رەت نومۇرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى 2. پۇلنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

3. دەرىجە ساننىڭ جۈملىدىكى رولى

تەلەپ Demand

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە سۈرئەت قوغلاشماسلىق كېرەك

مەشىق Exercises

1. دىئالوگ ئۇچۇن مەشىق 2. سۆزلۈك ئۇچۇن مەشىق 3. تېكست ۋە گراماتىكا ئۇچۇن مەشىق 4. ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

ئاڭلاپ چۈشىنىش Listening Comprehension

ئەسكەرتىش ۋە ھېكمەت Reminds and Adages

ئوقۇپ چۈشىنىش Reading Comprehension



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى دەرس Unit 12

## Dialogue دىئالوگ

### Talking about work

### خىزمەت توغرىلىق پاراڭلىشىش

دوستلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى توغرىلىق سۆزلەش دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ، بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە پايدىلىق. يەنە كېلىپ، بىز بىر جەمئىيەتتە، ئورتاق ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ياشىغانىكەنمىز، خىزمەت مۇھىتى ئىچىدە يۇرۇشتىن، خىزمەت ئالاقىسى قىلىشتىن خالىي بولالمايمىز. ئۇنداق بولسا، دوستلار ۋە تونۇشلار بىلەن خىزمەت توغرىسىدا قانداق پاراڭلىشىش كېرەك؟

#### كەسىپ ئىش توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: What's your present job?

B: I work for a company?

A: Which company?

B: Soft ware company in Tian shan Area. what is your job?

A: I work at a hospital.

B: Are you a doctor or nurse?

A: I am a doctor.

#### خىزمەت ۋاقتى توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: How many hours do you have to work?

B: Eight to twelve in the morning; one to five in the afternoon.

www.uyghurkitap.com

Well, we have a one-hour break for lunch between twelve and one.

A: Yours are better than mine.

B: What do you mean?

A: I always work on the night shift. I hate working during the night.

### مائاش توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: Do you get a good salary?

B: Yes, I have a well-paid job.

A: Do you have bonuses?

B: Yes, you can get some at the end of the year.

### خىزمەت تارىخى توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: How long have you worked for this company?

B: I'm a new comer.

A: Are you on overtime sometimes?

B: No, I work on the day shift.

### خىزمەتنىڭ قانداقلىقى توغرىلىق پاراڭلاشقاندا

A: How do you like your job?

B: I find my job boring these days.

A: Have you thought about another job?

B: Yes, I prefer a well-paid job.

### دىئالوگقا مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەر

1. soft ware company — يۇمشاق دېتال شىركىتى
2. one-hour break — بىر سائەتلىك ئارام
3. night shift — كەچلىك سىمېنا

| | |
|---|---|
| 4. bonuses | مۇكاپات |
| 5. new comer | يېڭى كەلگۈچى |
| 6. be (work) on overtime | سىمىنا قوشۇپ ئىشلەش |

## Word Garden سۆز گۈلزارى

### 1. قاپىيىلىك سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. present [preznt] *adj. n.* | ① هازىرقى، هازىر بار ② سوۋغا |
| resent [ri'zent] *v.* | قاقشىماق |
| represent [ərepri'zent] *v.* | ۋەكىللىك قىلماق |
| sent [sent] *v.* | ئەۋەتتى (send نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى) ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى |
| 2. job [dʒɔ̀b] *n.* | خىزمەت |
| sob [sɔb] *v.* | ئېسەدەپ يىغلىماق |
| 3. company ['kʌmpəni] *n.* | ① شىركەت ② ھەمراھ |
| any ['eni] *adj. pron.* | ھەر قانداق، بىرەر |
| many ['meni] *adj. pron.* | نۇرغۇن، كۆپ |
| 4. ware [wɛə] *n.* | بۇيۇم، مال |
| bare [bɛə] *adj.* | يالىڭاچ |
| care [kɛə] *v.* | كۆڭۈل بۆلمەك، ئېھتىيات قىلماق |
| dare [dɛə] *v.* | جۈرئەت قىلماق |
| 5. doctor ['dɔktə] *n.* | دوختۇر |
| director [di'rektə] *n.* | دىرېكتور، رېژىسسور، باشقۇرغۇچى |
| factor ['fæktə] *n.* | ئېلېمېنت، ئامىل |
| 6. nurse [nə:s] *n.* | سېستىرا |
| purse [pə:s] *n.* | ھەميان، پورتمان |
| 7. hour [auə] *n.* | سائەت |
| our [auə] *n.* | بىزنىڭ |
| sour ['sauə] *ajd.* | چۈچۈمەل |
| 8. mean [mi:n] *n.* | ... دېگەن مەنىنى بەرمەك |

| | |
|---|---|
| bean [bi:n] *v.* | پۇرچاق |
| dean [di:n] *n.* | فاكۇلتېت مۇدىرى |
| jean [dʒi:n] *n.* | جىنس شىم |
| 9. shift [ʃift] *n. v.* | ئالماشتۇرۇش، ئالمىشىش |
| lift [lift] *n. v.* | ① لىفت ② كۆتۈرۈش |
| sift [sift] *v.* | تاسقاش |
| 10. salary ['sæləri] *n.* | مائاش |
| gallery ['gæləri] *n.* | كۆرۈش سۇپىسى، گالېرىيە |
| 11. end [end] *v. n.* | ① ئاخىرلاشتۇرماق ② ئاخىر |
| bend [bend] *v.* | ئەگمەك |
| send [send] *v.* | ئەۋەتمەك |
| lend [lend] *v.* | بېرىپ تۇرماق، ئارىيەت بەرمەك |
| tend [tend] *n. v.* | ① يۈزلىنىش ② ··· غا مايىل بولماق |
| 12. overtime ['ouvə taim] *n.* | سېمىنا |
| part time [pa:t taim] *adj.* | قوشۇمچە ۋاقىت، قوشۇمچە ئىشلەيدىغان |
| full time [fu:l taim] *adj. n.* | تولۇق ئىشلەيدىغان، تولۇق ۋاقىت |
| 13. boring ['bɔ:riŋ] *adj.* | زېرىكىشلىك |
| during ['djuəriŋ] *prep.* | ···غان ۋاقىتتا |
| 14. prefer [pri'fə:] *v.* | ··· نى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەك |
| refer [ri'fə:] *v.* | ··· دىن پايدىلانماق |
| infer [in'fə:] *v.* | قىياس قىلماق، ··· دىن قىياس قىلىپ چىقارماق |

## 2. ئورتاق سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. brilliant ['briljənt] *n.* | بىرلىيانت |
| 2. Britain ['britən] *n.* | بىرىتانىيە |
| 3. Catholic ['kæθəlik] *n* | كاتولىك |
| 4. character ['kæriktə] *n.* | خاراكتېر |
| 5. delta ['deltə] *n.* | دېلتا |
| 6. dialect ['daiəlekt] *n.* | دىئالېكت، شېۋە |

7. diameter [dai'æmitə] *n.* — دىئامېتىر
8. diplomat ['dipləmæt] *n.* — دىپلومات
9. diplomatic [ˌdiplə'matic] *adj.* — دىپلوماتىك
10. diplomacy [di'plouməsi] *n.* — دىپلوماتىيە

## 3. قارىمۇ قارشى سۆزلەر

1. present ↔ absent [æbsənt] *adj.* — هازىر بار ↔ هازىر يوق
2. any ↔ certain ['sə:tn] *adj.* — بىرەر ↔ مەلۇم بىر
3. many ↔ few [fju:] *pron. adv.* — نۇرغۇن ↔ ئاز
4. our ↔ your [jɔ:] *pron.* — بىزنىڭ ↔ سىلەرنىڭ
5. boring ↔ pleasurable ['pleʒərəbl] *ajd.* — زېرىكىشلىك ↔ كۆڭۈللۈك
6. lend ↔ borrow ['bɔrou] *v.* — ئارىيەت بەرمەك ↔ ئارىيەت ئالماق

## 4. تۈر سۆزلەر

(كەسىپ، ئۇنۋان نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر)

1. accountant [ə'kautənt] *n.* — بوغالتېر
2. cashier [kæ'ʃiə] *n.* — كاسسىر
3. writer ['raitə] *n.* — يازغۇچى
4. musician [mju'ziʃən] *n.* — مۇزىكانت
5. composer [kəm'pouzə] *n.* — كومپوزىتور
6. poet ['pouit] *n.* — شائىر
7. engineer [ˌendʒi'niə] *n.* — ئىنژېنېر
8. shop assistant [ʃɔp ə'sistənt] *n.* — پېركازچىك
9. editor ['editə] *n.* — تەھرىر
10. researcher [ri'sə:tʃə] *n.* — تەتقىقاتچى
11. policeman [pə'li:smən] *n.* — ساقچى
12. soldier ['souldʒə] *n.* — ئەسكەر
13. translator [trɑ:ns'leitə] *n.* — تەرجىمان (پېرېۋوتچىك)

www.uyghurkitap.com

14. interpreter [in'tə:pritə] *n.* تەرجىمان (ئېغىزچە)
15. tour guide [tuə gaid] *n.* ساياھەت يېتەكچىسى

## A Little present كۆڭۈل سوۋغىسى

### In A Restaurant رېستورانىدا

Peter and John go to a restaurant to eat. They both ask for steak. The waiter brings the steak to them shortly afterwards. Peter takes the largest steak. John says to him angrily:

"What bad manners you have! You helped yourself first and you took the larger piece!"

Peter answers, "If you had been in my place, which piece would you have taken?"

"The smaller, of course."

"Then what are you complaining about? You've got it, haven't you?"

پېتىر بىلەن جون رېستورانغا تاماق يېگىلى باردى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كالا گۆشى قوۋۇرغىسى بۇيرۇتتى. كۈتكۈچى بىر ئازدىن كېيىن ئۇلارغا بۇيرۇتقان قوۋۇرغىسىنى ئەكىلىپ بەردى. پېتىر ئەڭ يوغان قوۋۇرغىنى ئېلىۋالدى. جون ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن دېدى:

ـ قىلىقىڭ نېمانداق سەت! تاماققا بىرىنچى بولۇپ قول سېلىپ ئەڭ يوغىنىنى ئېلىۋالدىڭغۇ؟

ـ ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ قايسى پارچىسىنى ئالغان بولاتتىڭ؟ ـ دېدى پېتىر جاۋابەن.

ـ ئەلۋەتتە كىچىكىنى دە!

ـ ئەمىسە نېمىگە قاقشايسەن؟ ئۇنى ئاپسەنغۇ؟ ئۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟

## Text تېكىست

### A Mother of Ten Children ئون بالىنىڭ ئانىسى

Mr. Bill went to the shops. He wants to buy some food for supper. He went into the food shop and saw a woman with ten children. All the children wore the same cloths—white hats, blue coat and black trousers.

"Are all children yours?" Mr. Bill asked the woman.

"Yes, they are." she answered.

"Do you always put the same clothes on them?" asked Mr. Bill.

"Yes," answered the woman, "we put the same clothes on them. because we don't want to lose any of them. When they are with other children, it's easy to find them out. And we don't want to take other children home by mistake, When other children are with ours. It's easy to see them, because their clothes are different."

### تېكىستتىكى سۆزلەر

1. wore [wɔː] كەيدى (wearنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى)
2. lose [luːz] *v.* يىتتۈرۈپ قويماق
3. mistake [mis'teik] *n.* خاتالىق، سەۋەنلىك
4. different ['difərənt] *adj.* پەرقلىق

## Grammar گراماتىكا

### 1. رەت نومۇرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

رەت نومۇرى دەرىجە سان ياكى ساناق سان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دەرىجە سان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئېنىق ئارتىكل قېتىلىدۇ. ساناق سان ئىسىمنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

The second part = part two ئىككىنچى قىسىم

the eight lesson=lesson eight سەككىزىنچى دەرس

ساناق سان ئىپتىلىشقا ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە كۆپىنچە هاللاردا رەت نومۇرىنى ئىپادىلەشتە ساناق سان ئىشلىتىلىدۇ:

Number 6 ئالتىنچى نومۇر (قىسقارتىلمىسى No. 6)
line 4 تۆتىنچى قۇر (قىسقارتىلمىسى L. 4)
Page 10 ئونىنچى بەت (قىسقارتىلمىسى P. 10)
Room (No.) 101 101- ئۆي
Bus (No.) 10 10- يول ئاپتوبۇس

## 2. پۇلنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ئەنگلىيىنىڭ پۇلىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1p بىر پېنس (ئوقۇلىدۇ one-penny ياكى one p دەپ)
5p بەش پېنس (ئوقۇلىدۇ five p ياكى five pence دەپ)
£5.86 بەش فوندستېرلىڭ 86 پېنس (ئوقۇلۇشى: five pounds eighty—six pence)

ئامېرىكىنىڭ پۇلىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1c بىر سېنت (ئوقۇلىدۇ one cent دەپ)
$1.25 بىر دوللار 25 سېنت (one dollar twenty five cents)

## 3. دەرىجە ساننىڭ جۈملىدىكى رولى

دەرىجە سان تۆۋەندىكىدەك جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ:

1) ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

The first is better than the second.

بىرىنچىسى ئىككىنچىسىدىن ياخشىراق.

2) كېسىم خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

She was the first to come. ئۇ بىرىنچى بولۇپ كەلدى.

3) تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

He folded a piece of paper into fourths.

ئۇ بىر پارچە قەغەزنى تۆت قىلىپ قاتلىدى.

4) ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ: مەسىلەن:

A third man entered the room. ئۈچىنچى كىشى ئۆيگە كىردى.

5) ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

When did you first meet him?

ئۇنى تۇنجى بولۇپ قاچان كۆرگەنتىڭىز؟

## Demand تەلەپ

## ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە سۈرئەت قوغلاشماسلىق كېرەك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر خىل مەزمۇن ۋە شەكىلدە تۈزۈلگەن «ئىنگلىز تىلىدىن تېز سۈرئەتتە يېتىشتۈرۈش قوللانمىلىرى» كۆپىيىپ قالدى. (خەنزۇ تىلىدا تۈزۈلگەن كىتابلار ئىچىدە بۇ خىل ئەھۋال سەل گەۋدىلىك). بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئۆگەنگۈچىلەر مۇشۇنداق كىتابلارغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئورنىغا ئۈمىدىنى مۇشۇنداق كىتابلارغا باغلايدۇ. نەتىجىدە ئىنگلىز تىلىنى ئۆزى جاپالىق تەر تۆكمىگەنلىكتىن يەنىلا ياخشى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە بىر، ئىككى ھەقەمسايەم مېنى ئىزدەپ كېلىپ بايا تىلغا ئالغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىتابنى يادلاپ چىقماقچى، تېز سۈرئەتتە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىۋىدى، مەن كۈلۈپ كەتتىم. جاۋابىم ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. مەن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇنداق ئويدا بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلىنىمۇ ھازىرغىچە يۈزدە يۈز بىلىپ كېتەلمەيمىز. بىر تىلنى جاپالىق مەشىق جەريانى ۋە ئىزدىنىش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ ياخشى ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئامغا قاراپ سۆزلەش، ئۆلچەملىك دىكتورنىڭ ئاۋازى ئېلىنغان بىر لېنتىنى نەچچە ئايغىچە قايتا ـ قايتا پىششىق ئاڭلاش، ئاڭلاپ يېزىش، تېكىست كۆچۈرۈش، ئۆز ئالدىغا جانلىق تىل خاتىرىسى تۈزۈش قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېغىز تىلى، تەلەپپۇز ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

## Exercises مەشىق

### 1. دىئالوگ تۈزۈش مەشىقى

1) ئەركىن ئاقسۇغا پويىزدا مېڭىش سەپىرىدە بىر سەپەردىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ سەپەردىشىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئاقسۇدا بىر كىچىك شىركەتتە ئىشلەيتتى. ئىككىسى خىزمەت توغرىلىق پاراڭلاشتى.

ئەركىن مۇنۇلارنى تىلغا ئالدى:

① ئۆزۈم بىر دوختۇر، ئۈرۈمچىدىكى بىر دوختۇرخانىدا دوختۇرلۇق قىلىمەن.

② خىزمىتىم كۆڭۈللۈك، مائاشىم ياخشى.

③ ئىشلەۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولدى.

مۇھەممەد مۇنۇلارنى تىلغا ئالدى:

① ئاقسۇدا بىر كىچىك شىركەتتە مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلەيمەن.

② ئىشلەۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى. خىزمىتىم بەك زېرىكىشلىك.

③ خىزمىتىمنى ئالماشتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ دىئالوگ قىلىڭلار. (ئىككىسىنىڭ رولىغا ئىككى ئوقۇغۇچى چىقسۇن.)

2) ھازىر قىلىۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان خىزمىتىڭلار توغرىلىق پاراڭلىشىڭلار. پاراڭ ئارىلىقىدا ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان جۈملە شەكلى، ئىبارە ۋە سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

A. I like to work …

B. I want to become …

C. My job is …

D. I have been working in … for …

E. I work … as …

F. سۆزلەر ; interesting, tiresome, well-paid, handsome salary.

### 2. سۆزلۈك تۈزۈش مەشىقى

1) مەنىسى بېرىلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاپىيىداش سۆزلەرنى ئاستىدىكى جۈملىلەردىن تېپىڭلار ۋە ئۇيغۇرچە نېمە مەنىدە كەلگەنلىكىنى

ئېيتىپ بېرىڭلار:

① present ① سوۋغا ② هازىرقى

a. He always resents about other people.

b. Lei Feng represents the young people.

c. I sent a letter to my parents.

② ware دېتال، مال

a. I dare to speak English.

b. This bare baby is very pretty.

c. Take care.

③ bean پۇرچاق

a. Who is your dean?

b. I don't like to wear jeans.

c. It means that you must study hard.

④ tend ① يۆزلىنىش ② ... غا مايىل

a. Don't bend your body.

b. This is the end of my story.

c. I want to lend ten yuan to him.

d. Please send a postcard to John.

